# شنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

2

1991

# مۇندەرىجە


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
نىجات يۇلتۇزى
— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن ...................... ئاۋۇت توختى 1

ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر بىر نەچچە
مەسىلە توغرىسىدىكى تونۇش ...................... يې يۇيچاڭ 19

سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى ...................... جاڭ مىڭلى 34

ئىقتىسادشۇناسلىقتىكى بىر نەچچە نەزەرىيە مەسىلىسى ئۈستىدە قىسقىچە
مۇلاھىزە ...................... رازاق تۆمۈر 47

تۈركىي تىللار تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر
— «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتىكى تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە زىت كۆز
قاراشلارغا رەددىيە ...................... ئىبراھىم مۇتىئى 62

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا
— تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىم-
لىرىغا باھا ...................... جۇ ۋېيجۇ 79

يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە ...... ۋېي لياڭتاۋ 114

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق
ئىشلىرىغا نەزەر ...................... ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 127

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب سەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي
ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا ...................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 136

چۆچەك شەھىرىدىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى تېپىلمىلار ......
...................... لى شياۋ 148

دىنىي مەسىلە ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ......
...................... دولقۇنجان تۇرسۇننىياز 151

تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى
كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى تۈزۈش توغرىسىدا مۇھاكىمە ...... توختى 157

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ
پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ...................... ۋەن كەيفېڭ 172

# 目　　录


中国共产党是我国各族人民的的大救星……………………………………阿吾提·托乎提（1）

对当前社会主义理论和实践中几个基本问题的认识……………………………叶裕昌（19）

论社会主义的生命力…………………………………………………………………张明理（34）

试论经济学中的若干理论问题……………………………………………热扎克·铁木尔（47）

突厥语史若干问题…………………………………………………………依不拉音·穆提义（62）

关于维吾尔族族源问题……………………………………………………………周伟洲（79）

叶尔羌汗国疆域考释………………………………………………………………魏良弢（114）

试谈古代吐鲁番地区的纺织业……………………………………………艾碧布拉·霍加（127）

元代著名文人色都拉……………………………………阿不力孜·买买提沙衣拉木（136）

新疆塔城市考古的新发现……………………………………………………………李　肖（148）

浅析宗教问题和民族问题……………………………………………都力昆江·吐尼牙孜（151）

关于制定散居少数民族平等权利保障法的探讨…………………………………托乎提（157）

浅析违法犯罪青少年的心理特征……………………………………………………万开锋（172）

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نىجات بۇلتۇزى

## —جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئاۋۇت توختى

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىق خاتىرە كۈنى، بۇ 70 يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى، مۇستەقىللىقى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان 70 يىل بولدى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە جۇڭگو تارىخىدا ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن 70 يىل بولدى.

بىز پارتىيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تارىخنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشتەك يۈكسەك ئىرادە بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى.

70 يىلدىن بۇيان جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. پارتىيىمىز كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، 28 يىل قوراللىق كۈرەش قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل-

كېسەل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگونى قۇردى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلاندى. «كومپارتىيە بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى» — بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ 100 مىليونلىغان خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز يەنە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئىقتىسادتا، مەدەنىيەتتە ئىنتايىن ئارقىدا قالغان، «شەرقىي ئاسىيا كېسەلمەنلىرى» دەپ ھاقارەتلىنىپ كەلگەن كونا جۇڭگونى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندۇردى، بولۇپمۇ ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جۇڭگو يۈكسەك خەلقئارا ئىناۋەت قازاندى.

70 يىللىق تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۇلۇغۋار نىشان قىلغان، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، پولاتتەك ئىنتىزامغا ئىگە بولغان ئۇلۇغ پارتىيە، پارتىيىمىز ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ باشقا ساھەلىرىدە ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندەك، مىللەتلەر خىزمىتىدىمۇ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پاكىتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدەك خەلقنى سوتسىيالىزم داغدام يولىنى بويلاپ، غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان نۇرلۇق ماياك ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

### 1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرەلىشى ۋە ئازادلىققا ئېرىشەلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى

مەملىكىتىمىز زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، تارىخى ئۇزۇن، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ كەڭ زېمىنىدا بىرلىكتە ئىشلىگەن، تىرىكچىلىك قىلغان ۋە كۆپەيگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئېسىل ئەنئەنىنى شەكىللەندۈرگەن. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب مايىللىقى ۋە ئۇيۇشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇلار قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، بىرلىكتە ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقى يولىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ — پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان شەرىپى.

شىنجاڭ — قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى. تارىختا غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر رايون ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلىتىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان چېگرىسىنى ئېچىش، قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلغان.

لېكىن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، كونا جۇڭگودا سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭمۇ ئۇزاق مۇددەت نامرات، قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن، ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. 1921 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، جۇڭگو ئىنقىلابى يېڭى تۈسكە كىردى. ھەر مىللەت خەلقى چىقىش يولىغا ئىگە بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ كەلدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە كادىرلارغا پرولېتارىياتچە مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدا ئىزچىل يوسۇندا تەربىيە بېرىپ كەلدى.

30-يىللارنىڭ باشلىرىدا پارتىيىمىز چېن يۈن، لى شيەنيەن، دېڭفا، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى تارقىتىش، ئىنقىلابىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. پارتىيىمىزدىكى يولداشلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى كەڭ ئاممىا ئىچىدە، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر ياش زىيالىيلار ئىچىدە كۈنسايىن كېڭەيدى ھەم ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭ سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە مەدەت بېرىشتەك ئاممىۋى ھەرىكەت پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا قانات يېيىپ كەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، پارتىيىمىز ئىچىدىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىنقىلابىي يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. ئۇلار ئەكسىيەتچى مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇلۇپ، تۈرمىدە بىللە يېتىپ، بىرلىكتە باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قېنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تۆكۈلدى، مەملىكىتىمىز ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، گەرچە شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېغىر بوزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغارلار ۋە ئىنقىلابىي يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى جايلاردا يەنىلا ئېگىلمەي - تىز پۈكمەي كۈرەش ئېلىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاينى مەركەز قىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىمىزدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ شانلىق كۈرىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى.

كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى 1949 - يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى

قى بىتچىت قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش قاتارلىق ئىنقىلابىي كۆرەشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ شاللىسىغا مىنىپ كەلگەن پومېشچىكلار سىنىپى ئاغدۇرۇلدى. فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە ئېزىش تۈزۈمى يوقىتىلدى. مىليونلىغان دېھقانلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتەردى. 1956-يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد بولۇپ، شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ شارائىتى يارىتىلدى ۋە گۈللەپ ياشناش يېڭى دەۋرى باشلاندى.

پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىدىن شۇنى ھېس قىلدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتەرمىگەن ۋە ئازاد بولمىغان بولاتتى، بۇ — تارىخنىڭ يەكۈنى.

## 2. كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بولمىغان بولاتتى

ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت بىللە ياشاش داۋامىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا تۈپ پايدا - زىيان توقۇنۇشى يوق، مىللىي باراۋەرلىك ئاساسىدا، ئىنقىلابىي بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېلىمىزدىكى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى، لېكىن زۇلمەتلىك كونا جۇڭگودا بۇنداق ياخشى ئارزۇ زادىلا ئەمەلگە ئاشمايتتى. پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئىجادىي تەدبىقلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئېلىپ باردى. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى بولغان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇناسىپ سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، ئۇنى ئىزچىل تۈردە ئىجرا قىلدى. ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىي دەۋرىدىلا، مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى

ئىشقائاشۇرۇشنى دېموكراتىك ئىنقىلابىتىكى باش ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ،
مەملىكىتىمىز دائىرىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىنى كۆپ قېتىم
جاكارلىدى، پارتىيىنىڭ 1922 - يىلدىكى 2 - قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدىن
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1947 - يىلدىكى خىتابنامىسىگىچە بولغان بىر قاتار
ھۆججەتلەردە، جۈملىدىن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىدە پارتىيىمىزنىڭ
جۇڭگودا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ مەيدانى، پرىنسىپى، مىللەتلەرنىڭ
باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەت، بەلگىلىمىلەر
تۈزۈلگەن ۋە بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ 1946-يىل 2-ئاينىڭ 18-كۈنى پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «تىنچلىق ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسىدىكى
تەلەپلەرگە ئاساسەن، مىللىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش
كېرەك، لېكىن مۇستەقىل ھالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش كېرەك دېگەن
شوئارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 1947 - يىل 5 - ئاي-
نىڭ 1 - كۈنى، تۇنجى قېتىم ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، قىسقى-
سى، پارتىيىمىز 28 يىللىق ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلى-
كى ۋە ئىتتىپاقلىقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئەتراپى-
غا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، 1949 - يىلغا كەلگەندە،
خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ
يېڭى ئىتتىپاقلىق، ئورتاق گۈللىنىش دەۋرىنى ئاچتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن
كېيىن، پارتىيىمىز ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدى-
غان بىر يۈرۈش جۇڭگوچە مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى،
مىللىي مەسىلە ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مىل-
لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش ۋە ئورتاق گۈللىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇر-
دى. 1952 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
بەش يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى توغرىسىدا بىر قانچە پرىنسىپال پىكىر» نى تار-
قىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيت-
ىش ۋە مۇستەھكەملەش مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، دەپ ئېنىق ئوت-
تۇرىغا قويدى. 1953 - يىلى 10 - ئايدا، يولداش ماۋزېدۇڭ: «بىز ھەممە مىللەت
بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز، مەيلى چوڭ مىللەت بولسۇن ياكى كىچىك مىللەت بولسۇن،

ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز، مەسىلەن، ئېۋېنكىچۇن مىللىتىنىڭ ئاھالىسى 2000 كىشىگىمۇ يەتمەيدۇ، بىز ئۇلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىمىز. جۇڭگولۇقلا بولىدىكەن قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى قوۋۋەتلىسىلا، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز» دەپ كۆرسەتكەندى. 1957 - يىل 8 - ئايدا، جۇئېنلەي زۇڭلى چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە، پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن، سوتسىيالىزم دەۋرىدە دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىشنىڭ نەزەرىيە، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر شەرھلىگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە مىللىي خىزمەتنى پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنى بويىچە ياخشى ئىشلەشنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇ شۇ قېتىمقى مەشھۇر سۆزىدە: ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش «ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئورتاق ئاساسى» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىنى بەلگىلەپ يولغا قويۇشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزدە مىللىي زۇلۇم ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى ۋە مۇستەھكەملەندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىرغا قەدەر مەملىكەت بويىچە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 122 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يەنە 1500 دىن كۆپرەك مىللىي يېزا قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتتىن 46 سى ئۆزلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇ كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايون، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — ئەڭ چوڭ ئومۇمىيلىق، بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. ئازادلىقتىن بۇيان، شىنجاڭ رايونىدىكى مىللىي خىزمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر جەھەتتىن ياخشى ئىشلىنىپ، ئاجايىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى توغرا يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، بەش ئاپتونوم ئوبلاست، 41 ئاپتونوم يېزا قۇرۇلدى، 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ھاكىمىيەت تەشكىلى جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلىتىمىزدە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر يۈرۈش مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى قىلدى، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك»، «فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش ئورۇنسىز تەلەپلەرنى رەت قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مىللىي مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى قىبلىنامە، ئۇ پۈتۈنلەي توغرا. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشچانلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان توغرا سىياسىي تۈزۈم، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. شۇڭلاشقا، 40 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەرەپكە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي رايونلار كۆرۈنەرلىك

تەرەققىياتقا ئىگە بولدى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدا زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئىش، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدىلا، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ئېلىمىزدىكى 56 مىللەت بىر ئىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بىللە كۈرەش قىلىدىغان، سىياسىي جەھەتتە تىنچ-ئىتتىپاق بولغان، ئىقتىساد مۇقىم راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان، مىللەتلەر تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## 3. كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، شىنجاڭدا ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان زور ئۆزگىرىشلەر بولمىغان بولاتتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنى سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇمدىن ئازاد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغىمۇ سەمىمىي ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش يولىغا يېتەكلىدى. پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تارىختىن قېپقالغان ھەر خىل پەرقلەرنى پەيدىنپەي تۈگىتىشنى مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، دەپ قاراپ كەلدى.

ئازادلىقتىن بۇيان، پارتىيىمىز ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىنكى 41 يىل ئىچىدە، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن ـ يىلغا تەرەققىي قىلدى. ئىگىلىكىمىز يىلدىن ـ يىلغا گۈللەندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلاندى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى شىنجاڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا شان-

لىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

تارىخ ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا ئاران ئون نەچچە ئەبجەش چىققان، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالمايدىغان كىچىك زاۋۇت بار ئىدى. ھەر مىللەت خەلقى ئېھتىياجلىق بولغان سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ تولىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە چەت ئەلدىن كەلتۈرۈلەتتى، سىرتقا يۆتكەپ چىقىرىلىدىغان نەرسىلەر ئاندا - ساندا ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. 1950-يىلدىن 1986 - يىلغىچە مەركەزنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن مالىيە ياردەم پۇلى 19 مىليارد 990 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭدا 4000 دىن كۆپرەك يېڭىلىق سانائەت، توقۇمىچىلىق، پولات - تۆمۈر، نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك سانائىتى قاتارلىق سانائەت، كان - كارخانىسى پەيدىنپەي قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تۈرى تولۇق زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلى 778 مىليون يۈەن ئىدى،1989-يىلى 23 مىليارد 645 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 29 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1949 - يىلى 719 مىليون يۈەن ئىدى. 1989 - يىلى 18 مىليارد 641 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25 ھەسسە ئاشتى؛ ئازاد بولغان چاغدا بىر توننىمۇ پولات ئىشلەپچىقىرالمايتتى، 1989 - يىلى پولات مەھسۇلاتى 303 مىڭ 300 توننىغا يەتتى؛ كۆمۈر 1949 - يىلى 179 مىڭ 800 توننا ئىدى، 1989 - يىلى 20 مىليون 200 مىڭ توننىغا يېتىپ، 111 ھەسسە ئاشتى؛ نېفىت 1949 - يىلى 10 مىڭ توننىغىمۇ يەتمەيتتى، 1989 - يىلى 6 مىليون 438 مىڭ 100 توننىغا يەتتى؛ 1949 - يىلى ئاساسەن توك يوق ئىدى، 1989 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان توك 6 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى؛ 1949 - يىلى بىر جىڭمۇ خىمىيىۋى ئوغۇت يوق ئىدى. 1989 - يىلى 279 مىڭ توننىغا يەتتى (ساپلىقى 100%)، 1949 - يىلى زامانىۋىلاشقان توقۇمىچىلىق سانائىتى يوق ئىدى، 1989 - يىلى پاختا يىپ 556 مىڭ ئورچۇققا، يۇڭ يىپ 82 مىڭ ئورچۇققا يەتتى؛ شىنجاڭ 1949 - يىلى قەنت - شېكەر ئىشلەپچىقىرالمايتتى، 1989-يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان قەنت - شېكەر 110 مىڭ 300 توننىغا يەتتى؛ 1949 -

يىلى تۈز 17 مىڭ 100 توننا ئىدى، 1989 - يىلى 2 مىليون 789 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 162 ھەسسە ئاشتى. دېمەك، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھېچقانداق زامانىۋى سانائىتى يوق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىچكى رايونلاردىن ۋە سىرتتىن يۆتكەپ كېلىپ ھايات كەچۈرىدىغان شىنجاڭدا 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىدىن 6320 سى بارلىققا كەلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 652 مىڭ 300 گە يېتىپ 1949 - يىلىدىكىدىن 16.4 ھەسسە ۋە 11.2 ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە ۋە كۆلىمى چوڭ، تۈرى بىر قەدەر تولۇق سانائەت سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ 40 يىل ئىچىدىلا مەيدانغا كەلگەن چوڭ ئۆزگىرىش. يېزا ئىگىلىكىمۇ غايەت زور تەرەققىي قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن تېرىلغۇ يەر ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تېرىلغۇ يەرلەردىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. ئاشلىق 1949 - يىلى 1 مىليارد 695 مىليون جىڭ ئىدى، 1989 - يىلى 12 مىليارد 460 مىليون جىڭغا يېتىپ، 6.35 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 432.2 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 7 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ پاختا 1949 - يىلى 102 مىڭ دەن ئىدى، 1989 - يىلى 5 مىليون 894 مىڭ دەنگە يېتىپ، 56.8 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختا 20.5 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ ياغلىقدان 1949 - يىلى 28 مىڭ 700 توننا ئىدى، 1989 - يىلى 323 مىڭ توننىغا يېتىپ، 10.3 ھەسسە ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق سانى 1949 - يىلى 10 مىليون 382 مىڭ 200 تۇياق ئىدى، 1989 - يىلى 40 مىليون 470 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، 2.3 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆلچەملىك چارۋا 3.4 تۇياققا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇنغا ئۆتتى. قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى. 1949 - يىلى بىر غېرىچمۇ تۆمۈر يول يوق ئىدى، 1989 - يىلى تۆمۈر يولنىڭ ئىشقا سېلىنغان مۇساپىسى 1838.6 كىلومېتىرغا يەتتى. 1949 - يىلى ئاددىي تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3361 كىلومېتىر ئىدى، 1989 - يىلى تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25 مىڭ 406 كىلومېتىرغا يەتتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 1949 - يىلى 1000 نەچچە كىلومېتىردىن ئارتۇقراقلا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايروپىلان بەزىدە قاتنايتتى، بەزىدە قاتنىمايتتى، ھازىر پتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىنلىشىپ، 30 ھەسسىگە يېقىن ئاش-

تى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 11 ئىچكى لىنىيە، ئىككى خەلقئارا لىنىيە ئېچىلدى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1175.8 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ 1989 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 545.61 يۈەنگە، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىي كىرىمى 2007 يۈەنگە يېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە ئىشلىرى غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ساۋاتسىز ئىدى. شىنجاڭ بويىچە ئاران بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ، 300 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى، 1989-يىلى ئالىي مەكتەپ 20 گە يېتىپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 31 مىڭ 700 گە يەتتى؛ 1949 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز بولۇپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى 5000 غا يەتمەيتتى، 1989-يىلى ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 44 مىڭ 900 گە، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2 مىليون 735 مىڭغا يەتتى. ھەر خىل كەسپىي تېخنىك خادىملار 326 مىڭ 352 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى 148 مىڭ 257 گە يەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ مىللەتتىن بولغان سىياسىي سۈپىتى ياخشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشالايدىغان كادىرلار قوشۇنى پەيدىنپەي شەكىللەندى ۋە كېڭەيدى. شىنجاڭ 1949 - يىلى 9 - ئايدا تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 5000 يەرلىك كادىر بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 3 مىڭ ئىدى. ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئىختىساس ئىگىلىرىگە جىددىي مۇھتاج ئىدى، پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە، زور بىر تۈركۈم كادىرلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى، 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان چاغدا كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 85 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 42 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى؛ 1988 - يىلنىڭ

ئاخىرىغا كەلگەندە، كادىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 480 مىڭدىن كۆپرەككە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 220 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. 40 يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلارنىڭ سانى 95 ھەسسە كۆپەيدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 72 ھەسسە كۆپەيدى، ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بىلەن يېتىشتۇرۇلگەن بۇ زور تۈركۈمدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەر قايسى سەپلەردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى. دېمەك، شىنجاڭ ئازاد بولغان 40 يىل مابەينىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭدا سىياسىي جەھەتتە تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان، ئىقتىساد مۇقىم راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولۇۋاتىدۇ، خەلق ئىگىلىكى پۇختا قەدەم بىلەن يۈكسىلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى خۇشال ـ خورام ياشاۋاتىدۇ، بۇ، ئوبيېكتىپ پاكىت.

يۇقىرىقى جانلىق پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 40 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەڭ تېز، ئۆزگىرىش چوڭقۇر، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى، شىنجاڭنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كونا جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق دەۋردە، ھازىرقىدەك نەتىجىلەر زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان، پەقەت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقلا، ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر ۋە غايەت چوڭ تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

ئېلىمىزدىكى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كوممۇنىستىك پار-

تىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا، ئازادلىققا ئېرىشتى ۋە بۈگۈنكى بەخت-سائادەتلىك ھاياتقا ئىگە بولالىدى، ئازادلىقتىن بۇيان، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇش ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا قولغا كەلتۈرۈلگەن، شان-شەرەپ پارتىيىگە مەنسۇپ، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئازادلىققا ئىگە بولالىدى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە، ئىتتىپاقلىشىپ سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغاندىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بەختلىك تۇرمۇشقا ۋە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ، بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى. پارتىيىمىزنىڭ 70 يىللىق مۇساپىسى پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمى دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، خەلقنى بېيىتىشقا، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسا گۈللىنىدىغانلىقىنى، روناق تاپىدىغانلىقىنى؛ بۆلۈنسە مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، زەئىپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى، ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە، ئىتتىپاقلىق — ئەڭ چوڭ ئومۇمىيلىق، بىز چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىمىز لازىم.

## 4. كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ پارلاق ئىستىقبالى بولمىغان بولاتتى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەت يوق دېيەرلىك ئىدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغانىدى، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز ئىدى، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولسىمۇ، قاتناش-ترانسپورت بەك ناچار بولغاچقا، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشتا قىيىنچىلىق ئېغىر ئىدى. شۇڭا، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئاچ-يالىڭاچلىقتا ئۆتەتتى. ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى

جارى قىلىنغانلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئون يىلدا، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن 32 پىرسەنت يۇقىرى بولدى، مىللىي دارامەتنىڭ 16.3 پىرسەنت يۇقىرى بولدى، يەرلىك مالىيە كىرىمى ئاز كەم ئىككى قاتلاندى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق، پاختا، چارۋا مال جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئاجىز، قاتناش قولايسىز، تېخنىك كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئىچكى جايلاردىن ئارقىدا تۇرماقتا. بۇ، تەرەققىيات داۋامىدا كۆرۈلگەن تەكشىسىزلىك، ئۇنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق پەيدىنپەي تۈگەتكىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بار. شىنجاڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 1 مىليون 160 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنغا ئىگە. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنىڭ 6 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 5 مىڭ 300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىگە ئىگە، ئۇ بەش دۆلەت بىلەن قوشنا، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، XXI ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم بىر بازا. شىنجاڭنى ئېچىش ئىشىنى تېزلىتىش شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى 2 - كۆۋرۈكى شىنجاڭدا تۇتاشتۇرۇلدى، دۆلەت تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدا كەڭ كۆلەمدە نېفىت چارلاش ۋە ئېچىشنى باشلىۋەتتى. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز، ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 2000 - يىلغىچە 2 - قەدەمدىكى ستراتېگىيە-

لىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېتىشىگە ئىشەنچىمىز كامىل.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى — ئەمگەكچان، ئەقىللىق، پاراسەتلىك، باتۇر خەلق، ئۇلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. شۇنداقلا ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش باش سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس زېمىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن بىر، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ۋەتەننىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى بىلەن بىر. مەملىكىتىمىزدە «4-ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيان يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، جۇملىدىن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتى، ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى پارتىيىمىزگە باغلىغان، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىش، تەرەققىياتمۇ بولمايدىغانلىقىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ھەم كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭمۇ بەخت-سائادىتى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

بىز ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق، كېلەچىكى تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۆھەر زېمىنى، شىنجاڭدا 15 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس، 40 نەچچە مىللەتنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، 40 يىللىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس بار. شىنجاڭدا يەنە 150 مىليون مو دېھقانچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدىغان بوز يەر،

48 مىليون مو تېرىلغۇ يەر بار، 750 مىليون مو ئوتلاق بار، ئېلىمىزنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇڭگودا ۋە چەتئەللەردە داڭقى بار، كان مەھسۇلاتلىرى مول، يوشۇرۇن كۈچى زور، كۆمۈر زاپىسى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ، نېفىت مەنبەسى مول، شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە چوڭ نېفىتلىك بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد زور. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مىللەتلىرى كۆپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋا كىلىماتى ياخشى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا قولايلىق شارائىتى بار، نۆۋەتتە، شىنجاڭ دۇنيادىكى 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىسادىي ۋە سودا ئالاقىسى ئورناتتى، قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا زور ئەۋزەللىكى بار. شىنجاڭنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق شەرەپلىك ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن ئورۇندىغىلى بولىدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى بولمىسا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئىستىقبالى بولمايدۇ. بىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتىمىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ 70 يىللىق تارىخى ئىسپاتلىغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەت.

جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغاندىلا، جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگودا 4 - ماي ھەرىكىتىدىن بۇيانقى 70 نەچچە يىل داۋامىدا، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن باشقا، ئەمگەكچى ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلغان يەنە بىر پارتىيە زادىلا مەۋجۇد بولمىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش

ھېلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، ئىنقىلاب كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇھتاج؛ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمۇ ئوخشاشلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇھتاج. يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئىسلاھاتنى، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويغىلى، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: «جۇڭگوغا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپتىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، بۇ پرىنسىپتىن تەۋرەنگەندە، جۇڭگودا چېكىنىش، پارچىلىنىش ۋە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ». مانا بۇ تارىخنىڭ ئەڭ ئاددىي يەكۈنى.

بىز جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئەجدادلار قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز يەنە كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىمىز، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشىدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ياخشى كېتىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: زايىت رەھىم

# هازىرقى زامان سوتسىيالىزمى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى تونۇش

يې يۈيچاڭ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جاھانگىرلىك «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى ھەدەپ يولغا قويغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ كەتكەنلىكتىن ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى سىياسىي كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقتىن، سوتسىيالىزم ئىشلىرى بەزى مەملىكەتلەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋاقىتنچە پەسىيىپ قالدى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى، ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى مىسلىسىز جىددىي مۇسابىقىگە دۇچ كەلدى. بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار، بىر قىسىم ئامما: سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ، يوق؟ چىڭ تۇرغىلى بولامدۇ، يوق؟ قانداق چىڭ تۇرۇش كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش ئەندىشە ۋە گۇمانلاردا بولدى. كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى جەھەتتە ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرگە ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق نەزەرىيە جەھەتتىن جاۋاب بېرىپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قارشى مۇسابىقىسىگە دەككە بېرىپ، ماركسىزمنىڭ نەزەرىيە جېنىدىسىنى قوغداش ماركسىزمچى نەزەرىيەخادىملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ ماقالىدە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر نەچچە قىيىن نۇقتىلىق، قىزىقارلىق مەسىلە ئۈستىدە بەزى قاراشلار سۆزلىنىدۇ.

## 1. دەۋر ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە

60 - يىللاردا، بۇ بىر قىزىقارلىق تېما بولۇپ قالغانىدى، ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلە ئىدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى زادى نېمە؟ — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدە، ھازىرقى

دەۋر جاھانگىرلىك ئومۇمىيۈزلۈك گۇمران بولۇشقا قاراپ ماڭغان، سوتسىيالىزم پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قىلىشقا قاراپ ماڭغان دەۋردۇر، دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى. رېئال ئەھۋال شۇنداق ئىدىكى، جاھانگىرلىك گەرچە ئۆزىگە خاس زىددىيەتلەر ئېلىپ كەلگەن كرىزىس ۋە خارابلىق يۈزلىنىشىدىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك گۇمران بولۇشقا قاراپ ماڭمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە نىسپىي مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلغانىدى. سوتسىيالىزممۇ پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قازىنىشقا قاراپ ماڭمىغانىدى. سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە بولسا ھەتتا ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە سىياسىي داۋالغۇش يۈز بەرگەنىدى. روشەنكى، دەۋر ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى سۆز ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 10 - قۇرۇلتىيىدا يۇقىرىقى سۆزنى ئېنىق ئىنكار قىلىپ: ھازىرقى دەۋر يەنىلا جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرى، دەپ كۆرسەتتى. ئەينى ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سول ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولغاچقا، دەۋر مەسىلىسى ئۈستىدە ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

70 - يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇ بولدىكى، خەلقئارا ۋەزىيەت جىددىيلىكتىن پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى، زىتلىشىشتىن سۆزلىشىشكە قاراپ بۇرۇلدى. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دۇنيادا ئىككى چوڭ ئاساسىي تېما بولۇپ قالدى. دۇنيا ئىككى قۇتۇپتىن كۆپ قۇتۇپقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى قۇتۇپ ئىدى. بۇ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىشى بىر قاتار زور خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە توقۇنۇشلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغانىدى. ھازىر ئەھۋال ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپتىن باشقا، ياپونىيە، غەربىي ياۋروپا، جۇڭگو قاتارلىق كۆپ قۇتۇپ بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىندا شەرقىي گېرمانىيە بىلەن غەربىي گېرمانىيە بىرلەشتى. بىرلەشكەندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 80 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئەنگلىيە بىلەن

فرانسىيىنىڭكىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، ئۇ پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئىلغار، ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇپ، ياۋروپادا ناھايىتى قۇدرەتلىك دەرىجىدىن تاشقىرى بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. گېرمانىيىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ياۋروپا كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئۆزگەرتىپلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر ياۋروپا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خارابلىشىشىنى، گېرمانىيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىنى ئاساسىي بەلگە قىلغان يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويىدى. دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، ھازىر ھەقىقەتەن كۆپ قۇتۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەمما بىزنىڭ كۆپ قۇتۇپنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشىمىز يۈزە ھادىسە ئۈستىدىلا تۇرۇپ قالماي، كۆپ قۇتۇپلۇق تەرەققىيات ھادىسىلىرىدىن ماھىيەتكە قاراپ ئىچكىرىلىشى لازىم. ماركسىزملىق پەلسەپە نۇقتىسىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، كۆپ قۇتۇپ دېگىنىمىز كۆپ خىل زىددىيەت دېگەنلىكتۇر، كۆپ قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەت، ماھىيەتتە، كۆپ خىل زىددىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى. دەۋرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ئېنىقلىمىز دېيدىكەنمىز، دېمەكچىمەنكى ماتېرىيالىزمنىڭ شەيئىلەرنىڭ زىددىيىتى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرىنى قوللىنىپ، كۆپ خىل زىددىيەت ئىچىدىن باشقا زىددىيەتلەرنى بەلگىلەيدىغان ۋە چەكلەپ تۇرىدىغان ئاساسىي زىددىيەتنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. ھازىر دۇنيادا قانداق زىددىيەتلەر مەۋجۇت؟ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ زىددىيىتى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر بىلەن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، يەنى جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ زىددىيىتى قاتارلىق زىددىيەتلەر مەۋجۇت. مۇشۇ بىر مۇنچە زىددىيەتلەردىن قايسىسى ئاساسىي زىددىيەت؟ مېنىڭچە، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت، ھازىرقى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كۈرەش قىلىشىدۇر. ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نۇرغۇن زىددىيەتلەر ئىچىدىكى باشقا زىددىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئورنى جەھەتتىنمۇ، رولى جەھەتتىنمۇ بۇ زىددىيەت بىلەن بىر قاتاردا قويغىلى بولمايدۇ.

سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىكەنلىكى بىلەن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسىي تېمىسىنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىكەنلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق مۇناسىۋەت ؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ چوڭ دەۋر بىلەن كىچىك دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. چوڭ دەۋر دېگىنىمىز 4– 5 يىل، 8– 10 يىل ئەمەس، ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدىكەن، بۇ چوڭ دەۋرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. كىچىك دەۋر دېگىنىمىزدە قىسقاراق تارىخىي دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 70 – يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە زىتلىشىشتىن سۆزلىشىشكە بۇرۇلۇش، جىددىيلىكتىن پەسىيىشكە قاراپ يۈزلىنىشتەك يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇنداق بولغاچقا، بەلگىلىك تارىخىي دەۋر ئىچىدە تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بىر خىل ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى زاماندىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى دېگەن سۆز قارىمۇ قارشى ئەمەس. ئالدىنقىسى خېلى ئۇزۇن تارىخىي دەۋر ئۈستىدىكى كۆزىتىش بولۇپ، چوڭ دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن؛ كېيىنكىسى 70 – يىللاردىن بۇيانقى بىر قەدەر قىسقا مەزگىل ئۈستىدىكى كۆزىتىش. شۇنداق بولغاچقا، بىر تەرەپتىن، بىز چوڭ دەۋر، كىچىك دەۋر دېگەن بۇ ئىككى سۆزنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۈگۈنكى كۈندە ۋۇجۇدقا كەلگەن تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ۋەزىيىتى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈرىشىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ھالىتىدىنلا ئىبارەت.

شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە يۈز بەرگەن شىددەتلىك ئۆزگىرىش سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ پاكىتنى ئۆزگەرتەلمىدىلا ئەمەس، ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىنمۇ بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇ زىددىيەتنىڭ ياۋروپا رايونىدا كەسكىنلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولدى. سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئۆز ئارا كۈچ سىنىشىشىنىڭ ۋە كۈرەش قىلىشىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولىدۇ ؟ ماركسىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، شۈبھىسىزكى، ئۇ كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولۇشىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قازىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئومۇمىي

يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋاقتىدا، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، ئىشنى ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي زىددىيەتنى تەھلىل قىلىشتىن باشلاپ، مۇرەككەپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۈستىدە ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىپ، ھازىرقى دەۋرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى تونۇۋېلىش لازىم. بۇ بىزنىڭ ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىمىز ۋە مەۋقەيىمىز.

### 2. جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەردىمۇ. يوق؟

ئەمەلىيەتتە، بۇ ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنى قانداق تونۇش مەسىلىسى. سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، غەربنىڭ خىلمۇخىل نۇقتىئىنەزەرلىرى كۆپلەپ كىرگىلى تۇردى. خېلى بىر مەزگىلدىن بۇيان، بىر مۇنچە كىشىلەر كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەردى دەيدىغان خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ كەلدى. بىز جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى دېگىنىمىزدە ئاساسەن مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىكى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتتۇق:

بىرىنچى، مونوپولىيىنىڭ يوقالمىغانلىقى. بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى، لېنىننىڭ «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «جاھانگىرلىك توغرىسىدا» دېيىلىدۇ) دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي قائىدىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. لېنىن بۇ كىتابىدا جاھانگىرلىكنىڭ تۆت ئالاھىدىلىكىنى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى مونوپولىيە ئىدى. مونوپولىيە جاھانگىرلىكنىڭ ئەڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى، جاھانگىرلىك مونوپول كاپىتالىزمدۇر. بۇ «جاھانگىرلىك توغرىسىدا» دىكى ئەڭ تۈپ قائىدە. 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جاھانگىرلىكنىڭ تەرەققىياتىدا راستىنلا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكلەر يۈز بەردى، ئەمما مونوپولىيە بۇرۇنقىدەكلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. ئەگەر يېڭى ئۆزگىرىش ۋە يېڭى تەرەققىيات بولدى دېيىلسە، ئۇ ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى مونوپولىيىسىنىڭ يېڭى باسقۇچقا يەتكەنلىكىدىن، يەنى ئۆتمۈشتىكىدەك خۇسۇسىي مونوپولىيىنى ئاساس قىلىشتىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىدەك دۆلەت مونوپولىيىسىنى ئاساس قىلىدىغان بولغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. خۇسۇسىي مونوپولىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچىيىشى مونوپولىيە تەرەققىياتىدىكى سان ئۆزگىرىشىلا بولغان بولسا، خۇسۇسىي مونوپولىيىنىڭ دۆلەت مونوپولىيىسىگە ئايلىنىشى مونوپولىيىنىڭ

تەرەققىياتىدىكى قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىشى بولغان بولىدۇ. مەيلى ئىلگىرىكى خۇسۇسىي مونوپولىيە بولسۇن، مەيلى ھازىرقى دۆلەت مونوپولىيىسى بولسۇن، ئۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە يەنىلا مونوپولىيە مەسىلىسىدۇر. دۆلەت مونوپولىيە كاپىتالىزمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، دۆلەت مونوپولىيە كاپىتالىزمى بىۋاسىتە قاتنىشىش ۋە قولىغا ئېلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل ئارقىلىق، خۇسۇسىي مونوپول كاپىتالغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭمۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ. بۇمۇ كاپىتالىستىك دۆلەت مونوپولىيىسىنىڭ بىر خىل شەكلى. مونوپولىيە يوقالدى دېيىدىغان نۇقتىئىنەزەر پوت تىرەپ تۇرالمايدۇ. لېنىننىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىسى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزىرى ھازىرقى زامان جاھانگىرلىكىگە يەنىلا تەتبىقلىنىشلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئېكىسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى: بىر تەرەپتىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن بۇيان، كاپىتالىستىك ئەللەر نىسبىي تۇراقلىق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى، بەزىلىرى خېلى تېز ئۆستۈردى. بۇ ھال ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ ھېلىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزىنى ئۆزى تەڭشىشى مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، سىياسەت جەھەتتىن كونترول قىلىش. ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىنات بىلەن ئومۇمىي ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى سىياسەت ئارقىلىق ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ تۇرىدۇ. دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ، بىر ۋاقىتتا ئېھتىياجغا ئىلھام بەرسە، يەنە بىر ۋاقىتتا تەمىناتقا ئىلھام بېرىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن بۇيانقى ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە، كېينېسنىڭ ئىقتىسادىي نۇقتىئىنەزىرى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى دۆلەتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشتىن، ئىستېمالغا ئىلھام بېرىشنى تەكىتلەشتىن، بازارغا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1929 - يىلى مىسلىسىز دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى. كېينېسنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى بويىچە، 1929 —— 1933 - يىللاردىكىدەك ئومۇمىي تۇرغۇنلۇق مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىندى. ئىككىنچىسى، پىلان ئارقىلىق كونترول قىلىش ئوتتۇرا مەزگىللىك، قىسقا مەزگىللىك پىلانلارنى تۈزۈش ئارقىلىق، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش. كاپىتالىستىك ئىگىلىكتىمۇ ئاز - تولا پىلان بولىدۇ. بەزى مەملىـ

كەتالەردە پىلان تۈزۈشكە ۋە پىلاننى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان پىلان ئاپ-
پاراتلىرى تەسىس قىلىنغان. مۇشۇنداق پىلانلار ئارقىلىق مونوپول بۇرژۇ-
ئازلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى، تەقسىماتنى تەڭ-
شەش. مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى تەڭشەش ئارقىلىق، ئاساسەن،
مەجبۇرىي ماپائىش فوندى، پاراۋانلىق فوندى، قۇتقۇزۇش فوندى قاتارلىقلارنى
تەڭشەش ئارقىلىق، مىللىي دارامەتنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىستېمال فوندىغا ئىشلى-
تىلىدىغان قىسمىنى كۆپەيتىش. بۇمۇ بىر ئادەتتە ئېيتىدىغان بەزى غەرب ئەللىرى-
نىڭ پاراۋانچىلىق سىياسىتى. مۇشۇنداق تەڭشەش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلغان-
لىقتىن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە بەزى كاپىتالىستىك ئەللەردە
ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئەمگەك
بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يۇمشىدى، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش-
نىڭ قېتىم سانى ئازايدى، كۆلىمى نىسپىي ھالدا تارايدى، شۇ سەۋەبتىن ئىشچى-
لار ھەرىكىتى دولقۇنى پەسىيىپ قالدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ بۇر-
ژۇئازىيىنىڭ ناھايىتى يامان نەيرىڭى، ئەمما بۇ بىر تەرەپتىكى ئەھۋال. يەنە
بىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەش جەھەتتە
قوللانغان خىلمۇ خىل تەدبىرلىرى ۋە پاراۋانچىلىق سىياسەتلىرى ئىشچىلارنىڭ
ياللانما ئەمگەكچىلىك ئورنىنى ئۆزگەرتەلمىدى ۋە ئۆزگەرتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.
ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى
خېلى ئېغىر، ئېكسپىلاتاتسىيە ئۆزگەرمىدى، ئەمما ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىلا ئاز-
تولا ئۆزگەردى. كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاساسەن،
ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، يەنى
مۇتلەق قوشۇمچە قىممەت سىتىۋېلىش ئارقىلىق ئىشچىلار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتت-
تى، ئۇ بىر خىل دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئىدى. ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى
ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا، ئاساسەن، نىسپىي قوشۇمچە قىممەت شىلىت-
ۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. قارىماققا، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەر-
دىكى ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى ئىلگىرىكىدەك ئۇزۇن ئەمەستەك، ئەمگەك سىجىل-
لىقىمۇ ئىلگىرىكىدەك كۈچلۈك ئەمەستەك، ئەمگەك شارائىتى، تۇرمۇش شارائىتى
ئىلگىرىكىدىن خېلى ياخشىلانغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما كەڭ ئىشچىلار يەنىلا ئېكس-
پىلاتاتسىيە قىلىنىش، ئېزىلىش ئورنىدا تۇرماقتا. بۇ بىر خىل يوشۇرۇن ئېكسپىلا-
تاتسىيە. غەرب ئەللىرى پەن تېخنىكىغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلان-

دۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. نىسپىي قوشۇمچە قىممەتنى قوغلىشىش ئۇلىك تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئەنە شۇ.

ئۈچىنچى، بۇلاڭچىلىقنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى. بۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئۈچىنچى دۇنيانى تالان - تاراج قىلىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. 1953 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە 20 يىلغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە، غەرب ئەللىرى سودا جەھەتتىكى «قايچىسىمان پەرق» ئارقىلىق ئۈچىنچى دۇنيادىن 130 نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ قەرزى ئېغىرلىشىپ كەتتى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ ئومۇمىي قەرزى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغانىدى، 1988 - يىلغا كەلگەندە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 1 تىرىلىيون 320 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

تۆتىنچى، جاھانگىرلىكنىڭ يەنىلا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ تۇرغانلىقى. مەيلى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ زور كۆلەملىك، ئەڭ زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى بولسۇن، مەيلى ئۇرۇشتىن كېيىن كەينى - كەينىدىن بولۇپ ئۆتكەن رايون خاراكتېرلىك چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلار بولسۇن، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ، ئۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كاپىتالىزم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ھەقىقەتەن خېلى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جاھانگىرلىكنىڭ لېنىننىڭ «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» دېگەن كىتابىدا تەھلىل قىلىنغان تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى يوقالمىدىلا ئەمەس، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. جاھانگىرلىك ھازىرمۇ ئوخشاشلا جاھانگىرلىك بولۇپ تۇرماقتا. يەنىلا كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ۋە ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ تۇرماقتا.

### 3. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداق تونۇش كېرەك؟

بۇ مەسىلىمۇ ھازىرقى ئۆگىنىشتىكى بىر قىزىقارلىق نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا. بۇ مەسىلىگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىشىمىز لازىم. بىرىنچى، سوتسىيالىستىك ئەللەر بىلەن كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقىنى تارىخ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازىرقى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلگىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغان، كېيىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان دۆلەتلەردۇر. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى روسىيە ئەينى زاماندا ياۋروپا

بويىچە ئارقىدا قالغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى جۇڭگو گەرچە كەڭ زېمىنغا، ناھايىتى كۆپ ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلققە ئىگە دۆلەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن 2 مىڭ نەچچە يۈز يىللىق فېئوداليزمنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا، جاھانگىرلىكنىڭ يۈز نەچچە يىللىق تاجاۋۇزى ئاستىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان مەملىكەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق ئىدى. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك ئەللەر ئۆزلىرى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى 70 نەچچە يىل ئىچىدە، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەر بىلەن بولغان ئەسلىدىكى ئومۇمىي پەرقنى جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق زور دەرىجىدە كىچىكلەتتى. مەملىكىتىمىز جۇڭگونى ئېلىپ ئېيتساق، بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1949-يىلى، مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان ئومۇمىي پەرقى تەخمىنەن 150 — 200 يىل ئىكەن؛ ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى سەۋىيىسىنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقى يەنىلا زور، تەخمىنەن 20 — 40 يىل كېيىن تۇرىدۇ؛ سانائەتنىڭ ئاساسىي ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنىكىسى جەھەتتىكى سەۋىيىمىز بىلەن ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 10 — 15 يىللا قالدى؛ ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە بولسا تەخمىنەن 10 يىلچە پەرق قالدى؛ پەن تەتقىقاتى، بولۇپمۇ بەزى ئاساس نەزەرىيە جەھەتلەردە پەرق كۆرۈنەرلىك كىچىكلىدى، بەزى جەھەتلەردە بولسا ئاللىقاچان ئۆزۈپ كەتتۇق. سېلىشتۇرۇپ قارىساق مەلۇم بولىدۇكى، 40-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئىقتىسادىي سەۋىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەققىي تاپمىغان بەزى مەملىكەتلەر، ئېيتايلۇق، ھىندىستان سوتسىيالىزم يولىنى تاللىۋالمىغانلىقتىن، ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئومۇمىي كۈچى جۇڭگونىڭكىدىن زور دەرىجىدە كېيىن قالدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر 100 — 200 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئاران بېسىپ بولغان مۇساپىنى سوتسىيالىستىك جۇڭگو 40 يىلدىلا بېسىپ بولدى. ئەمەلىيەتتە، بىز دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچى جەھەتتە، ئاز ساندىكى تەرەققىي تاپقان بىر نەچچە مەملىكەتتىن باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كاپىتالىستىك مەملى-

يكەتلەرنى ئارقىغا تاشلىۋەتتۇق. ئۈچىنچى، سوتسىيالىزم يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم. كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشىدە بىلمەسلىكتىن بىلىدىغان بولۇشقا، ئاز بىلىشتىن كۆپ بىلىدىغان بولۇشقا، چوڭقۇر بىلمەسلىكتىن چوڭقۇرراق بىلىدىغان بولۇشقا ئۆتۈش جەريانى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىمۇ يائۇنداق، يا بۇنداق سەۋەب-لىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىلىش جەھەتتىكى چەكلىمىلىك ۋە ئەمەلىيەت جەھەت-تىكى سەۋەنلىكمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. سوتسىيالىزم يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلدى، ئەمما ئۇ پىشىپ يېتىل-مىگەن دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچى، سوتسىيالىستىك دۆلەتتىمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىشلەپ-چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىسىملىرى بولىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەمدىلا ئورنىتىلغاندا مەلۇم دەرىجىدە مۇۋاپىق بولۇپ، ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىدا ئىجابىي رول ئوينىغان تۈزۈلمە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ۋە ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ قاتمال، هايا-تىي كۈچى ئاجىز بولۇشتەك ئىللەتلىرىنى بارغانسېرى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. تۈزۈلمە جەھەتتىكى بۇنداق ئىللەتمۇ سوتسىيالىزمنى تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتە چەك-لىمىگە ئۇچرىتىدۇ، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. تارىختا شەكىللىنىپ قالغان بۇ ئىللەتلەرنى ئىسلاھات ئارقىلىق تۈگە-تىش ئۈچۈن يەنە ۋاقىت كېرەك. بىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆز-لىگەندە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالامەتلىرىدىن ۋە تۈپ پرىنسىپ-لىرىدىن چەتلەپ كەتسەك بولمايدۇ. كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ نىسپىي هالدا قۇدرەتلىك بولۇپ تۇرغانلىقىدەك ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئالدىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى، تېگى-تەكتىدىن ئېيت-قاندا، بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرى ۋە تۈپ پرىنسىپى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋە تۈپ پرىنسىپى ئىچىدە، ئەڭ ئاساسلىقى، كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت هاكىمىيىتى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سوتسىيالىس-

تىنىڭ مۇلۇكچىلىك ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەقسىمات تۈزۈمى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت، مانا بۇ تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى. سوتسىيالىزم، دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، يۈز مىليونلىغان خەلق سوتسىيالىزمنى قوبۇل قىلالىدى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلدى. سوتسىيالىزم بىلەن تەقدىرداش بولالىدى. سوتسىيالىزم دەل مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاخىر كاپىتالىزمغا يېتىشىۋالىدى ۋە كاپىتالىزمدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايەن قىلدى.

## 4. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى توغرىسىدا

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى قانداق تونۇشمۇ بىر قىسىم كادىرلار ۋە ئاممىلار ئارىسىدا ئاسانلا مۇجمەللىك، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدىغان مەسىلە. بىزنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش كۈچلىرى ۋە خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان ئىختىلاپىمىز ھەرگىز دېموكراتىيە كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەمەس، قانداق دېموكراتىيە كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە. ئالدى بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ھەقىقەتەن بۇرژۇئا دېموكراتىزمىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. غەرب ئەللىرى دېموكراتىيىسى ماھىيەتتە بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى، ئۇ بىز چىڭ تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بىز مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەم بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇقلىساق بولمايدۇ، ھەم ئۇنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئورنىغا قويساق تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىزدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئانچە يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ھازىر بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئىگىلىكىمىز تەرەققىي تاپمىغان، بۇ ھالدا، دېموكراتىيىنىڭ تازا مۇكەممەللىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىز ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان مەملىكەت. بۇنداق ئەھۋالدا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خېلى ئۇزاق بىر جەريان كېرەك. دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئاساس بولۇ-

شى كېرەك. خەلقنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى نورمال يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بارغانسېرى كۆپ ماددىي شارائىت ۋە ئەسلىھە يەتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك. بۇنىسى كۆپچىلىككە مەلۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى خەلقنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ سەۋىيىسى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. 1990 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن قاتلام ئاساس قىلىنغان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر خەلقىنىڭ سەۋىيىسىگە توغرا كېلىدىكەن. مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى 1982 - يىلىدىكى 22.81% تىن ھازىرقى 15.88% كە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق سانى يەنىلا 180 مىليوننىڭ ئۈستىدە تۇرماقتا، يەنە كېلىپ، يېڭى ساۋاتسىزلار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرماقتا. باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغىلا ئىگە بولغانلار 420 مىليونغا يېتىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار ئاران 107 مىليونغا يېتىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئاران 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىلا تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلاردىن كۆپ ئىكەن. بۇنداق ئەھۋال مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن، دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زادىلا ماسلىشالمايدۇ. يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئازغىنە كەم بەشتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا بەرپا قىلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. دېمەك، دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاش مۇئەييەن شارائىتقا مۇھتاج. ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىماي، سۇبيېكتىپ ئارزۇغىلا ئاساسلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىدىن ھالقىغان ھالدا دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش ئۈستىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېموكراتىيە توغرىسىدا ئەمەلىيەتتىن چەتلىگەن بەزى تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەتسىزلىك ھەرىكەتلىرىنى قىلساق بولمايدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنى قەتئىي باستۇرۇپ تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەلۇم دائىرىدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك

تېما. بۇ مەسىلە ئۈستىدە، بىر تەرەپتىن، سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشكە، سىنىپىي كۈرەشنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت دەپ قارايدىغان چېكىدىن ئاشقان سول نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپىي كۈرەش ئۆچتى دەيدىغان سەپسەتىگە، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدا. كىم يېڭىش ـ كىم يېڭىلىش مەسىلىسى تولۇق، ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىنىپ بولدى دەيدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» لا تەنقىد قىلىنىپ، سىنىپىي كۈرەش سۆزلەنمىگەن ياكى ئاز سۆزلەنگەن، نەتىجىدە جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى مەسىلىلەرنى سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى ئارقىلىق تەھلىل قىلىشقىمۇ بەزىلەر «سول» چىلىق دېگەن قالپاقنى كىيگۈزگەنىدى، ئاشۇنداق جامائەت پىكرى كەيپىياتى ئاستىدا، بەزى كىشىلەرنىڭ سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرى سۇسلىشىپ قالغانىدى، ھەتتا سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرى يوقالغانىدى. نەزەرىيە جەھەتتىكى خاتالىق ئەمەلىيەت جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئالدىنقى يىلدىكى سىياسىي توپىلاڭدا بىر مۇنچە كىشىلەر ھەرىكەت جەھەتتە يۆنىلىشتىن ئادىشىپ، تەۋرىنىپ قالغان، ھەتتا خاتا مەيداندا تۇرۇپ قالغان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تەرەپتە تۇرۇپ قالغان. سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە بولغان ھوشيارلىقىنىڭ يوقىتىلغانلىقى غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ھۇجۇمى ئالدىدا قورالسىزلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىدىيولوگىيىنىڭ چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، غەرب بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىق.

ئالدىنقى يىلى مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭدىن شۇنىڭدەك شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ بەزى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆردۇق. بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇنۇلار: (1) سىنىپىي كۈرەشنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەش بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئالدى بىلەن بىر خىل ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ، ئىدىيولوگىيە ساھەسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. «ئوممەن بىرەر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھامان ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى خىزـ

مەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپمۇ شۇنداق قىلىدۇ». يېڭى تارىخىي ئەمەلىيەت بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىسپاتلىدى. ئەمما سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئىدېئولوگىيە دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. سوتسىيالىزمغا قارشى سۇيىقەست، كۆپ ھاللاردا، ئىلىم - پەن نەزەرىيە مەسىلىسىدىن باشلىنىپ، پەيدىنپەي ئەۋج ئېلىپ سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، تەشكىللىك سىياسىي ئۆكتىچى كۈچكە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە سىنىپىي كۈرەش ئىدىيە ساھەسىدىن بارا - بارا كېڭىيىپ سىياسىي ساھەگە ئۆتىدۇ - دە، شىددەتلىك سىياسىي كۈرەش شەكىللىنىدۇ، كۈرەشنىڭ تۈگۈنى يەنىلا ھاكىمىيەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. (2) مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش ھامان خەلقئارادىكى سىنىپىي كۈرەش بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ، خەلقئارادىكى سىنىپىي كۈرەش بىلەن ماسلىشىپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى يىللى غەرب ئەللىرىگە قېچىپ كەتكەن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان «ياتۇرلار» ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇۋېتىش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، جىنىنىڭ بىرنەچچە پىتنە - ئىغۋا تۇغدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ، چەت ئەللەردە يۈرگەن ئاتالمىش «دېموكراتىيىچى»لەرنى چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتىپ كېلىپ «ھەقىقىي بېسىم كۈچىگە ئىگە گۇرۇھ» بولۇپ ئۇيۇشۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى»غا تۈرتكە بولۇشقا چاقىردى. شىنجاڭدا ئازادلىقتىن كېيىن يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا باغلىنىشلىق بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خەلقئارادىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەملىكىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. (3) سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ، «تىنچ» ئۇسۇل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ خاراكتېرى ۋە قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن سىنىپىي كۈرەشلەردىكىگە ئوخشاش، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ جىنايىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، قورال ئىشلىتىشتىن يانمايدۇ. مۇئەييەن شارائىتتا، سىنىپىي كۈرەش غەيرى تىنچ شەكىلگە، زورلۇق كۈچ شەكلىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق قوراللىق توقۇنۇش ئىچكى ئۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالماسلىقى مۇمكىن، ئۇ خەلقئارادىكى دۈشمەن

كۈچلەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلە قىلىش خەۋپىنىمۇ ئىستىسنا قىلمايدۇ. يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان بۇنداق خەۋپنى ئالدىراپلا نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تارىخىي شارائىتىدا، سىنىپىي كۆرەشنىڭ تىنچ ۋاستىسىنىمۇ، تىنچ بولمىغان ۋاستىسىنىمۇ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ سىنىپىي دۈشمەنلەر ئەكسىلئىنقىلابىي زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە بىۋاستە تەھدىت سالغاندا، ئۇنى ئىنقىلابىي زورلۇق كۈچ ئارقىلىق باشقۇرۇپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قوغدىشىمىز لازىم. لېنىن «سىنىپىي كۆرەشنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلا ماركسىزمچى بولۇپ كەتكەن بولمايدۇ، سىنىپىي كۆرەشنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان كىشىلا ماركسىزمچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەنىدى. بۇ سۆز ھازىرغىچە يەنىلا كۈچكە ئىگە. سوتسىيالىزم ئۇزاق بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، بىز ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ يەردە سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي كۆرەش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلمەي ئۇنىڭ بەزى روشەن ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىلا قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈلدى. سوتسىيالىزمنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سىنىپىي كۆرەشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ.

سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، ئالايلۇق، پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىز نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىغا ۋە ئىلمىي رەۋىشتە جاۋاب بېرىشىگە تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. يولداش جياڭ زېمىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «دۇنيادىكى ۋە جۇڭگودىكى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى جەريانىدا زىممىسىگە ئالغان زور ۋەزىپىسىنى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە تۇتقان مۇھىم ئورنىنى نەزەرگە ئېلىپ، ماركسىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە زامانىمىزدىكى چوڭ - چوڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى

(داۋامى 35 - بەتتە)

# سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى

جاڭ مىڭلى

ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا كۆرۈلگەن ئەگرى توقايلىقلار پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدا تۈرلۈك تەشۋىش ۋە گۇمانلارنى پەيدا قىلدى. بىز ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، سوتسىيالىزم مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كىشىلەرنى سوتسىيالىزمنى ئىلمىي يوسۇندا تونۇشقا يېتەكلىشىمىز، شۇنداق قىلىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم.

## سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىسلاھاتتا

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرغىچە ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي فورماتسىيە بولۇپ كەلدى. سوتسىيالىزم بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى يوقىتىپلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي پەرقنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ھەر بىر كىشىنى ئەركىن ھەم ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئىش. بۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شۈبھىسىزكى، نەزەر دائىرىسىنى يېڭىدىن كېڭەيتىش، يېڭى شەيئىلەرنى چۈشىنىش، مۇشۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئۆزگىرىش شەكىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى تېپىش لازىم.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، سوتسىيالىزم يېڭى تۈزۈم، ئۇ باشقا يېڭى شەيئى-

لەرگە ئوخشاش، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلار ئىچىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇكەممەللىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئۇزۇن مۇددەت ئەگرى - توقايلىق ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىچكى مۇقەررەر تەلىپى ئىسلاھات. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى باسقۇچتا، ئىسلاھات تېخىمۇ زۆرۈر بولىدۇ. لېنىن ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تۆت يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋاقتىدا «ئالتۇننىڭ ھازىرقى ۋە سوتسىيالىزم پۈتۈنلەي غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى رولى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە يازغان. لېنىن بۇ ماقالىدە پرولېتارىيات غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنىڭ شەكىللىرى شۇنىڭدەك سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى نەزەرىيە جەھەتتىن بايان قىلىدى. ئۇ پرولېتارىيات غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئىنقىلاب ئاساسەن سىنىپىي كۈرەش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەمما ئىسلاھات ئىنقىلابتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلىدۇر، دەپ قارىدى. پرولېتارىيات غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىسلاھات بىلەن ئىنقىلابنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭى مەزمۇن پەيدا بولىدۇ، گەرچە پرىنسىپ جەھەتتىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. لېنىن سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇرۇش دەۋرى كوممۇنىزمىدىن يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت دەۋرىگە ئۆتۈش مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلىدى، دەپ كۆرسەتتى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت بىر خىل ئىسلاھات تەدبىرى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش

---

تەتقىق قىلىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنى جىددىي ۋەزىپە سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى» دېگەنىدى. بۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە زور ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىردۇر، بۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئىزچىل رەۋىشتە ئېگىز كۆتۈرسەكلا، بۇ جەھەتتە زور نەتىجە ھاسىل قىلالايمىز.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

دەۋرى كوممۇنىزمىدىكى «ئىنقىلاب ئۇسۇلى» غا ئوخشىمايتتى، ئىسلاھاتنىڭ ئۇسۇلى «چېكىنىش ئەمەس، ئاستا، ئېھتىياتچانلىق، بىلەن پەيدىنپەي ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت» ئىدى، لېنىن: ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن روسىيە ئىنقىلابى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىسلاھات چارىسىنى قوللىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئىسلاھات غەلىبە قىلغان پرولېتارىياتنىڭ قۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرگەن ۋاقىتتا بىلىۋېلىش زۆرۈر بولغان يېڭى شەيئىدۇر. يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىنقىلاب ۋەزىپىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىش زۆرۈر بولغان ئۇسۇل ۋە شەكىلدۇر.

ئىسلاھات سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئىچكى تەلىپى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئىسلاھاتتا شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ تۇرىدۇكى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا ھەم ئاساسەن ماسلىشىش، ھەم تولۇق ماسلاشماسلىق ـ ماسلاشالماسلىقتىن ئىبارەت زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن زىددىيەتلەرنى پەيدىنپەي ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىپ، سوتسىيالىزمنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرغىلى، ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دوكلادىدا كۆرسىتىلگەندەك، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور ھەجىمدە يۈكسەلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشالمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنى، ئۇنىڭ بىلەن ماسلاشالمىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلى، پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆزگەرتىش مۇقەررەر ھالدا تەلەپ قىلىنىدۇ». ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ كونىرىغان، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بەزى ھالقىلىرىنى بىكار قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىسلاھات ھەقىقەتەن ئىنقىلاب خاراكتېرىگە ئىگە چوڭقۇر ئۆزگىرىشتۇر. ئەگەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە جەلىپ قىلىش كۈچىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ،

سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملىمەيدۇ، تەرەققىي قىلالمايدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇش ھەم ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەم پرولېتارىياتنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى تارىخىي بۇرچىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلاھات سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى پەيدىنپەي تولۇقلاش جەريانىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم شارائىتىدا سىنىپىي ئانتاگونىزم بولمايدىغانلىقى، ۋاقتى ئۆتكەن كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي زىددىيەت سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىنىپ تۇرىدۇ. يولداش ماۋ زېدوڭ مۇنداق دېگەنىدى: «كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەت ئاساسەن شىددەتلىك ئانتاگونىزم ۋە توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق زىددىيەتنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزى ھەل قىلالمايدۇ، پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلابلا ھەل قىلالايدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئانتاگونىزملىق زىددىيەت ئەمەس، ئۇ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدە ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىنىپ تۇرىدۇ.» سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ ئىجتىمائىي زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت، ئەمما بۇ خىل زىددىيەت كونا جەمئىيەتتىكى ئانتاگونىزملىق ئىجتىمائىي زىددىيەت بىلەن خاراكتېرى جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىسلاھات ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك ۋە پۈتۈنلەي شۇنداق يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئىسلاھات ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى يېڭى ئەھۋال ۋە ئۆزگىرىشنىڭ يېڭى شەكلىدۇر. ئۇ ھەم بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇشىدەك بوران - چاپقۇنلۇق ئىنقىلاب ئەمەس، ھەم 1958 - يىلىدىكىدەك داغدۇغىلىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەمەس، شۇنداقلا ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدىكى ھېلىقى «زور ئىنقىلاب» مۇ ئەمەس، بەلكى «كونا شەيئىلەرنى ئېھتىيات بىلەن، ئاستا، پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش، مۇمكىنقەدەر ئاز بۇزۇش» («لېنىن ئەسەرلىرى» 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 575 - بەت). بۇنىڭدا سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا تۈزۈلمە ئەندىزىلىرى، كونا ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇنداقلا ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىسلاھات سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان شەكلىدۇر.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمدۇر. ئۇ باشقا بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە ئوخشاش، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، مۇكەممەلسىزلىكتىن مۇكەممەللىككە، پىشىپ يېتىلمەسلىكتىن پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى نىشانىدىن قارىغاندا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ، سىياسەتنىڭ، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىشى ئارقىلىق ئاخىر مۇقەررەر ھالدا گۈزەل كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن بۇنداق زور تەرەققىيات ۋە زور ئۆزگىرىش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئىسلاھات داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئىسلاھات سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى ئوبرازىنى يارىتىدىغان يالقۇنلۇق ئوت، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىر خىل ئومۇمىي مۇقەررەر ھادىسە. ئىسلاھات سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ كۈنسايىن پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ پەيدىنپەي يېتىلىپ كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىسلاھات سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئىسلاھاتتىن ئايرىلسا، تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

**تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.**

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدۇر. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش، دۇنياۋى سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئەگرى توقايلىق پەيدا بولغان، سوتسىيالىزم ئىشلىرى جىددىي مۇسابىقىگە دۇچ كەلگەن

ھازىرقى ۋەزىيەت ئاستىدا رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋەزىيەت ئېغىر، مۇساپە ئۇزۇن، بۇ ھال بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوتسىيالىزمنى ئۇزلۇكسىز تونۇپ ۋە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە پەيدىنپەي ئۆتۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي يۈزلىنىشى، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئەگرى - توقاي تارىخىي جەريان، ماركس، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۆزىدىكى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جارى قىلدۇرۇلۇپ بولمىغىچە ھەرگىز يوقالمايدۇ، دېگەنىدى. قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ يوقالغىچە نەچچە مىڭ يىل ۋاقىتنى بېسىپ ئۆتتى. كاپىتالىزمنىڭ XIV - XV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ھازىرغا قەدەر ئاران 500 يىل بولدى. XVIII ئەسىردىكى سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭغا ئاران 200 يىل بولدى. لېنىن جاھانگىرلىكنىڭ «چىرىكلىكى»، «ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكى» نى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ بەزى ساھەلەردە تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. يولداش ماۋزېدۇڭ: جاھانگىرلار ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ، تارىخ سەھنىسىدىن ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن چۈشمەيدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. جاھانگىرلار ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەر مۇقەررەر ھالدا ئون ھەسسە غالجىرلىق بىلەن بىز بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ ۋە كۈرەش قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىنكى كاپىتالىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ لىزكۈرەش قىلىشى، جاھانگىرلىكنىڭ سوتسىيالىزمغا سىڭىپ كىرىشى، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشى، ھەتتا شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەردە ئۆزگىرىش ۋە داۋالغۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى يۇقىرىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنى چوڭقۇر ئىسپاتلىدى. بۇرۇن بىز مەسىلىنى بەكمۇ ئاددىي چاغلاپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئانچە ئەتراپلىق چۈشەنمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزمنى تونۇش جەھەتتىمۇ بەزى دوگماتىزملىق قاراشلاردا بولدۇق. كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىشى يېڭى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ كونا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى

ئېلىشىدىنلا ئىبارەت بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە ئون يىل، ھەتتا بىرەر ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە تىرىلىش بىلەن تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلىدى، سوتسىيالىزم ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىدىغان يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم بولغاچقا، ئۇنىڭ شۇ دۆلەتتىكى ۋە خەلقئارادىكى مونوپول بۇرژۇئا زىيىنىنىڭ غالجىرلارچە بۇزغۇنچىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىشى تەبىئىي. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىنىش بىلەنلا، بۇرژۇئازىيە ئۇنى يۈز ھەسسە غالجىرلىق بىلەن قاغىدى ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. پارىژ كوممۇنىسى دۇنياغا كېلىپ 72 كۈن بولغاندىلا، بۇرژۇئازىيە ئۇنى قان دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئوكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار يېڭى ۋۇجۇدقا كەلگەن سوۋېتكە ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى جاھانگىرلارنىڭ قامال قىلىشىغا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىغا قارشى كۈرەش ئىچىدە باستى. دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توختىماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە ھەر مىنۇت، ھەر سېكونتتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇرۇش قىلىش، سىياسىي جەھەتتىن تايانچىسىز قالدۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىش، ھەربىي جەھەتتىن قورشىۋېلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ مەغلۇپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سىياسىي جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە، پەن - تېخنىكا ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتلىرىدە تىنچ سىڭىپ كىرىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە يۈز بەرگەن شىددەتلىك ئۆزگىرىش خەلقئارا دائىرىدىكى مۇشۇنداق سىنىپىي كۈرەشنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئەكس ئېتىشىدۇر. كۈرەش بولىدىكەن، ئەگرى - توقايلىق بولىدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەسلىدىنلا ۋىنتسىمان ئۆرلەپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن ئېقىنى ئىچىدە يېڭى بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىزم كېمىسىنىڭ لاي - لاتقىلارنىڭ، تەتۈر قايناملارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بىز تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ

ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋر ئىچىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، سوتسىيا-
لىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭمۇ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. بىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە،
ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىشىمىز، ھەم ئۈزلۈكسىز ھالدا
يېڭى ئەھۋال، يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك يېڭى نەزەر دائىرىسى،
يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشىمىز ۋە ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز؛ ھەم سوتسىيالىزم
تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىشىمىز، ھەم ھەر قايسى جەھەتلەردىكى كونكرېت تۈزۈملەر-
نى ئىسلاھ قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىس-
لاھاتتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ،
سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، كاپىتالىزمدى-
كىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىپ، جەمئىيە-
نىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

بىز سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز لازىم. سوتسىيالىزم
ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. خەلقىمىزنىڭ سوتسى-
يالىزم يولىنى تاللىۋالغانلىقى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتى-
جىسى. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي
قىلىشى جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيى-
تىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگودىكى بىر قىسىم
يۈكسەك ئىرادىلىك ھەققانىي كىشىلەر ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەقىقەت
ئىزدىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا يولۇقتۇرغىنى ۋە قوبۇل قىلغىنى سوتسىيا-
لىزم بولماستىن، ئەكسىچە، كاپىتالىزم ئىدى. ئۇلار غەربنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى
ئۆگىنىپ، ھەم غەربنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى ئۆگىنىپ، كاپىتالىزمنىڭ مۇشۇ نەرسى-
لىرى جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ دەپ قارىدى. ئەمما، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى
ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشىنى بىچىت قىلىۋەتتى. تارىخ ئىسپاتلىدى، بىزنىڭ ئەجدات-
لىرىمىز كاپىتالىزم باسقۇچىدىن «ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى» بولغان ئەمەس،
ئۇلار جۇڭگو كاپىتالىزم تەرەققىياتى يولىغا كىرەلەيدۇ دەپ ئويلاپلا قالماي،
بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈپ كۆرەشمۇ قىلغان، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى تارى-
خىي شارائىت جۇڭگونىڭ كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشىغا يول قويمايتتى، ئارقا -
ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. جاھانگىرلىكنىڭ
تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ فېئودال كۈچلىرى ئۆز ئارا تىل بىكتۈرۈپ،

جۇڭگونى بارا - بارا يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتكە ئايلاندۇردى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە بۇ تارىخىي باسقۇچنى جانلىق تەسۋىرلىگەن. 1949- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشى كاپىتالىزم يولىدا مېڭىش ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگودا بەربات بولغانلىقى، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ زېمىندا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو خەلقى ئۇزۇن مۇددەت كۆرەش قىلىش ۋە ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، غايەت زور چىقىم تارتىش بەدىلىگە سوتسىيالىزم يولىنى تارىخىي يوسۇندا تاللىۋالغان؛ بۇ يۈكسەك ئىرادىلىك ھەققانىي كىشىلەرنىڭ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىيەت مۇقىمدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ 40 يىللىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ۋە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدىلا مېڭىشقا بولىدىغانلىقىنى، كاپىتالىزم يولىدا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرماي، بەزىلەر تەشەببۇس قىلغاندەك كاپىتالىزم يولىغا قايتساق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى ئارقىلىق بۇرژۇئازىيە يېتىشتۈرۈلسە ۋە بېقىپ سەمرىتىلسە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەم سانى كۆپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، زور كۆپچىلىك كىشىلەر يېڭىباشتىن پەۋقۇلئاددە نامراتلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. بۇنداق كاپىتالىزم ئىپتىدائىي، كومپرادورلارچە كاپىتالىزم بولىدۇ، بۇ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭىباشتىن ھەم چەتئەل كاپىتالىنىڭ قۇلىغا، ھەم مەملىكىتىمىزدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇشتىنلا دېرەك بېرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى باياشات قىلىشتىن ئىبارەت نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى.

بىز سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنى ئېلىپ

بىرىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ماركسىزم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق دەپ قارايدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر، ئۇنداق بولمايدىكەن، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە بىرلا ۋاقىتتا غەلىبە قىلماي، جاھانگىرلىكنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىدا، زىددىيەت مەركەزلەشكەن ھەم كەسكىن بولغان تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەردە ئالدى بىلەن غەلىبە قىلغان بولغاچقا، پرولېتارىيات دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن مۈشكۈل بولدى، سوتسىيالىزمنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ناھايىتى ئۇزۇن جەرياندۇر، سوتسىيالىزمغا ئاۋۋال كىرگەن دۆلەتلەر خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتىن ئەۋزەللىكتە تۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى بولۇپ قالىدۇ. تارىختىن قارىغاندا، كاپىتالىزم شۇنىڭ ئۈچۈن فېئودالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانكى، ئۇ بۇرۇنقى جەمئىيەتلەرنىڭكىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تايانغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەينى ۋاقىتتا: ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كاپىتالىزمنىڭ فېئودالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشتىكى قورالىدۇر، دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، سوتسىيالىزمۇ كاپىتالىزم ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، كاپىتالىزمنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا تايىنىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى لازىم.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كەسكىنلىك بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەرەپكە يۆتكىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمنى قانداق ئېلىپ بېرىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە ئىزدەندۇق، بۇنىڭ

چارىسى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، دېگەنىدى. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىمۇ، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتىمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتىمۇ، ئومۇمەن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئون يىللىق ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلۇغ، بۇنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىسلاھات سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنى قاتمال ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئالغا باسماي توختاپ قالىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خەلق ئىگىلىكىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا غايەت زور ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىگەن، خەلققە نەپ كۆپ تەككەن ئون يىل بولدى. ئىسلاھات جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىدا، كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۆزىگە خاس تەلىپى، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم شەرتى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان يول. ئىسلاھات پېتىردىگە يېنىپ قالماسلىقى لازىم. ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرمىغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى تۈنجۇقتۇرۇپ قويۇلىدۇ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماددىي ئاساسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز، ئەۋزەللىكنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىز ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەلگەن مۇسابىقىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ، داۋاملىق مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنى ئەتراپلىق قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزم-

نى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۆرەش نىشانىنى بېكىتىپلا قالماي،
ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ
يولىنى تاپتى، بۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە بەلگىلەنگەن «بىر مەركەز،
ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت. ئۇن يىلدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيە ۋە
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، ئىشىكنى ئېچىۋې-
تىشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي
نۇقتا» دىن ئىبارەت لۇشيەن توغرا. سوتسىيالىزمدا كۆرۈلگەن ئەگرى - توقايلىق-
لار ۋە ھەر خىل جىددىي مۇسابىقىلەر ئالدىدا، بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيە-
نىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش، جاھانگىرلىكنىڭ «تىنچ ئۆزگەر-
تىۋېتىش» ستراتېگىيىسىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە
قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ بازىسىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي
كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى
ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىقتىساد ئاساس،
ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە گۈللىنىشى سىياسىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
مۇقىم بولۇشىنىڭ ئاساسى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى
ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى
مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنىڭ تەلىپى،
ھەم ئۇ بىز ھەل قىلماقچى بولغان، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي،
مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى بۇ
ئاساسىي زىددىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. 40 يىللىق قۇرۇلۇش جەريانىدا،
مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ ھەممىگە
ئايان پاكىت. ئەمما تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىز يەنىلا نامرات-
لىق ۋە قالاقلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز زور ئىنقىلابىي جاسارەت
ۋە تەمكىن ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن، ئىگىلىكنى ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
نىڭ تىرىلوگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر بىرىنچى قەدەمدە بىر قاتلاش
نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچى قەدەمدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە

مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر قاتلاپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىمىز. كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، ئوتتۇرا ھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىمىز. تىرىلوگىيىدىن ئىبارەت كۆرەش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى بىر قەدەر تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئىنسانىيەت ئۈچۈن خېلى زور تۆھپە قوشقان بولىمىز.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىككى ئاساسىي نۇقتىسى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تىرىلوگىيىسىنىڭ ئۇلۇغ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، سوتسىيالىزمنى ئەتراپلىق قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ۋە بىرلىكىنى توغرا تونۇش ۋە ئىگىلەش لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى، سىياسىي تۈزۈمى، ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى بەلگىلەنگەن، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىمىز بەلگىلەنگەن، مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىكى كاپالەتلەندۈرۈلگەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كاپالەتلەندۈرۈلگەن، ئۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنىڭ سىياسىي، ئىدېيىۋى ئاساسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى، دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ باش فاكتېرى ۋە باش سىياسىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە خەلقىمىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدۇر، شۇنداقلا بىزنىڭ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىشتە، دۇنياغا يۈزلىنىشتە، كېلەچەككە يۈزلىنىشتە قاتمال كونا ئەندىزە ۋە تۈزۈلمىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆتۈشمىسىز زۆرۈر بولغان يولدۇر. بىز چوقۇم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوت-

(داۋامى 48 - بەتتە)

# ئىقتىسادشۇناسلىقتىكى بىر نەچچە نەزەرىيە مەسىلىسى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

رازاق تۆمۈر

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلىرى ئىسلاھ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. نۇرغۇن يېڭى نەزەرىيىلەر ۋە ئىلمىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بەزى يېڭى مەسىلىلەر ۋە يېڭى ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ يېڭى مەسىلىلەر ۋە يېڭى ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل قىلغاندىلا ئاندىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورناتقىلى، پۈتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق نىشانى بويىچە غەلىبىگە باشلىغىلى بولىدۇ. مەن مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىكى ئىقتىسادىي مېخانىزم، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم.

## 1 . ئىقتىسادىي مېخانىزم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

«مېخانىزم» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە گرېكچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئىنگلىزچە «Meehanism» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ماشىنىلار ۋە چوڭ ئۈسكۈنىلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى، يەنى ماشىنىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلەكلەرنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. XVIII ئەسىردىكى ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ «ئادەم ماشىنا» دېگەن نۇقتىئىنەزەرى تارقالغاندىن كېيىن، بۇ ئاتالغۇ مېدىتسىنا ۋە بىئولوگىيە ئىلىملىرىدە تەدرىجىي قوللىنىلىپ، ئورگانىزمدىكى تۈرلۈك تەركىبىي قىسىملارنىڭ قانداق قىلىپ ئورگانىك ھالدا بىرلىشىدىغانلىقى، بۇ تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئالاھىدە بىر خىل فۇنكسىيىنى پەيدا قىلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

ئىقتىساد شۇناسلىقتا «مېخانىزم» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ قوللىنىلىشى ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى تەركىبلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىر

---

سىيالىستىك تۈزۈمىمىزنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرالايمىز، ئۈستقۇرۇلمىنى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ئوبدان مۇۋاپىقلاشتۇرالايمىز، بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمنى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى نامايەن قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىز پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرسەك، سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىز كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىدۇ، بىزنىڭ ئۇلۇغۋار ستراتېگىيىلىك نىشانىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز دۇنيادا تىك قەد كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادى» ژۇرنىلىنىڭ 91 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلارا خەمىت

تەرجىمىنىڭ تەھرىرى: زايىت رەھىم

كۆرستىشىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئورگانىك جىسىملارنى جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورگانىزم سۈپىتىدە تەتقىق قىلغىنىغا ئوخشايدۇ، بىز ئىقتىسادىي مېخانىزمنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى بىر خىل ھاياتلىق ئورگانىزمى، مۇرەككەپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورگانىك سىستېما دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ شەكلى كۆپ، مەزمۇنى مۇرەككەپ، چىگىش بولىدۇ، ئۇ ئۈزلۈكسىز دەۋر قىلىپ، تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بۇ خىل مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىلەن ھەر قايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنى چەكلەش، بىر - بىرىنى شەرت قىلىش ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كورسىتىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە بۇنداق مۇناسىۋەت ناھايىتى كۆپ جەھەتتىن مۇقىملىقۇ ۋە مۇقەررەرلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىدا يەنىلا ئىنتايىن كۆپ ئوخشاشلىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇمۇ نىسپىي بىرلىكنى ۋە قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇش گەرچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىر خىل ئەگرى سىزىقلىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولىدۇ، ئۇنىڭ پائالىيىتى ھەمىشە بىر خىل قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل يەككە ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىدىغان، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان بىر خىل ئورگانىك سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنى بىر خىل ئورگانىك سىستېما جەريانىغا ئايلاندۇرالايدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي پائالىيەت باش - ئايىغى يوق بىر خىل ھادىسىدىن بىر پۈتۈن ئورگانىك قۇرۇلما، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەت پارچە - پۇرات، تەرتىپسىز جەرياندىن تەرتىپلىك سىستېما جەريانىغا ئۆزگەرگەن؛ بۇ خىل ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرغان شۇ خىل ئىچكى كۈچ ۋە مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئورگانىزمنىڭ مېخانىزمى بولۇپ ئىپادىلەنگەن. دەل مۇشۇ مېخانىزمنىڭ رولىلا ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئورگانىزمنى، تەشكىللىنىش ۋە تەبىئىي تەشكىللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىقتىسادىي مېخانىزم ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ سىستېمىلىق قۇرۇلمىسىنى ساقلايدىغان، ئۇنىڭ

پائالىيىتىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھەرقايسى قاتلاملىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەمشىرە مۇناسىۋەتنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

ئىقتىسادىي مېخانىزمنىمۇ بىئولوگىيىدە جانلىق ئورگانىزملار مۇسكۇلىدىكى مېخانىزمنى ئۆزىدىن تەشكىللىنىش ۋە تەشكىللەش مېخانىزمىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىغىنىمىزغا ئوخشاش، ئۆزىدىن تەشكىللىنىش ۋە تەشكىللەش مېخانىزمىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىئولوگىيە ئىلمى، جانلىقلارنىڭ مۇسكۇلىدىكى نۇرغۇن پائالىيەتلەر مەركىزىي نېرۋىنىڭ ئاڭلىق كونتروللۇقىدا بولۇپلا قالماي، باشقا مۇستەقىل نېرۋىلار تەرىپىدىنمۇ تەڭشىلىپ تۇرىدۇ، بۇ جانلىق ئورگانىزملار بەدىنىنىڭ تەبىئىي بىرخىل ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن، يۈرەكنىڭ سوقۇشى، قاننىڭ ئايلىنىشى، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەزىم قىلىنىشى، كېسەلنىڭ ئىممۇنىتېت قىلىنىشى، تاشقى جاراھەتلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىشى قاتارلىقلار شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ. جانلىق ئورگانىزملار ھەرىكىتىنىڭ بۇ خىل ئۆزىدىن تەشكىللىنىش مېخانىزمى جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى ھاسىل قىلىدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، شۇنداقلا بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان مۇستەقىل فۇنكسىيىنى جارى قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىدىمۇ ئوخشاشلا بۇنداق ئۆزىدىن تەشكىللىنىش مېخانىزمى مەۋجۇت. ئالايلى ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا كېتىۋاتقان ھەرخىل ئىگىلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت مۇھىتىغا بېرىدىغان سىگناللىرى ھەممىسى بىرخىل تەبىئىي سەزگۈنىڭ بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە مەھسۇلاتلار باھاسىنىڭ ئۆسۈشى تەبىئىي ھالدىلا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئەشۇ مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، مەلۇم بىر ساھەدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلسىلا، شۇ ساھە، شۇ كەسىپ تەبىئىي ھالدا نۇرغۇن ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۇتاش چىقىم قىلىدىغان كونا تۈزۈلمىدە بولسا يۇقىرىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا كۆپلەپ ۋەزىپە چۈشۈرسە، كارخانىلار ئۇلارغا شەرت قويماقچى بولۇپ، ماددىي ئەشيالارنى داۋاملىق بېسىۋېلىپ، بايلىقنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايتتى؛ بۇنىڭ بىلەن دۆلەت يەنىلا سېلىنىدىغان مەبلەغنى زور دەرىجىدە كۆپەيتەتتى، دېمەك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى باھا،

ئىش ھەققىنىڭ كۆرسىتىلىدىغان تەسىرى بىلەن پۈتۈنلەي مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلىدىغان تۈزۈلمىدىكى سانلىق ئۆزگىرىش ھەممىشە بىئولوگىيە مەزمۇنىدىكى تەبىئىي سەزگۈرلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتتە ھەقىقەتەن بىر خىل ئۆزىدىن تەشكىللىنىش مېخانىزمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئاساسىي گەۋدىنىڭ تەبىئىي سەزگۈرلۈك ھەرىكىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنداق تەبىئىي سەزگۈرلۈك ھەرىكىتىدە ئاڭلىق كونترول قىلىشمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدە كارخانىلار بەزى ئويلار بىلەن باھاسى ئۆسۈۋاتقان تاۋارلارنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى كۆپەيتمەسلىكىمۇ مۇمكىن؛ بۇنىڭ بىلەن باھا ھەرىكىتى ئاددىي ھالدا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىدىكى فۇنكسىيىگە ئايلانماسلىقىمۇ مۇمكىن؛ بۇرۇنقى پىلانلىق ئىگىلىكتە كارخانىلارنىڭ شەرتلىشىپ تۇرۇشىدىمۇ ئاڭسىزىمىنىڭ بىر خىل چېكى بولۇشى مۇمكىن؛ پۈتكۈل ئىقتىسادتىكى مىقدارنىڭ مۇقىمسىزلىقى ھېچقانداق چەكلىمىسىز بولۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، بۇ خىل ئەھۋاللار ئىقتىسادىي پائالىيەت ئاساسىي گەۋدىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئايلىنىش ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتىكى ئىقتىدارى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ پائالىيىتىدىكى ئاڭلىقلىقنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي سىستېمىدىكى ئۆزىدىن تەشكىللىنىش مېخانىزمىنىڭ رولىنىڭ شۇنچە تولۇق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي پائالىيەتنى سىستېمىلىق قۇرۇلمىغا ۋە تەرتىپلىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئىچكى كۈچ ۋە ھەمشىرىلىك مۇناسىۋەت بولغان ئىقتىسادىي مېخانىزم ئوبيېكتىپ بولۇش، سىستېمىلىق بولۇش ۋە پايدىلىنىشقا بولۇشتىن ئىبارەت تۈپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئوبيېكتىپ بولۇشى دېگەندە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقى، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنى ئىچكى جەھەتتىن تەڭشەپ تۇرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ سىستېمىلىق بولۇشى دېگەندە ئۇنىڭ ھەممىشە بىر خىل ئورگانىك سىستېما سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، سىستېما رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي پائالىيەت كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك بولىدۇ، شۇڭا ئىقتىسادىي مېخانىزممۇ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. لېكىن ھەر قايسى تەرەپلەردىكى، ھەر

قايسى قاتلاملاردىكى ئىقتىسادىي مېخانىزم بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرمايدۇ، بەلكى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى، ھەر قايسى قاتلاملاردىكى ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ بىر - بىرىنى چەكلىشى، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تەرتىپسىز بولماي، بەلكى رەتلىك بولىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئورتاق ھالدا ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رولىنى ئىپادىلەيدۇ. قىسقىسى، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ سىستېمىلىقلىقى ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدە، ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىدا، رېتىملىكلىكىدە ۋە ھەرىكەتچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ پايدىلىنىشقا بولۇشى دېگەندە ئۇنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا بايقىۋېلىنىدىغانلىقى، ئاڭلىق تەدبىقلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىشىلەر ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ رول ئويناش يۆنىلىشىنى ۋە دەرىجىسىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئالايلى، كىشىلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي مېخانىزمنى ئاڭلىق تەدبىقلىنىدىغان ئىقتىسادىي پىشاڭغا ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇكى، گەرچە ئادەم ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالمايدۇ، كىشىلەر ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى توغرا تونۇيدىغانلا بولسا، بۇ مېخانىزملارغا ئاساسلىنىپ ۋە ئۇنى تەدبىقلاپ، ئىقتىسادىي دەۋرلىكنى تەڭشىيەلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي دەۋرلىكنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش يۆنىلىشى بويىچە راۋاجلاندۇرىدۇ.

## 2. ئىقتىسادىي مېخانىزم بىلەن ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەڭشەيدىغان ئىچكى كۈچ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمشىرە بولوشى ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئىچكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىزگە مەلۇم، رېئال ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى ھەر قانداق بىر خىل ئىقتىسادىي ھادىسە، ئىقتىسادىي جەريان مۇستەقىل، يەككە - يىگانە ئەمەس، بەلكى باشقا ئىقتىسادىي ھادىسە ۋە ئىقتىسادىي جەريانلار بىلەن باغلىنىپ، شەرتلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ماھىيەتلىك چەكلەش ۋە شەرت قىلىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. بۇنداق مۇقەررەرلىككە ئىگە چەكلەش ۋە شەرت قىلىش مۇناسىۋىتى ئىجتىمائىي-

ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي قۇرۇلما بىر خىل چوڭ ۋە مۇرەككەپ مۇسكۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مۇسكۇلدا مەۋجۇت بولىدىغان ۋە رول ئوينايدىغان ئىقتىسادىي قانۇنىيەتمۇ بىر خىل بولماي، كۆپ خىل بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال رولى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئىقتىسادىي تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئىچكى مۇناسىۋىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەڭشەش رولى چوقۇم ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق جارى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەڭشەش رولى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش قانۇنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئەمگىكىنىڭ مىقدارىغا ۋە سۈپىتىگە ئاساسەن كېلىدىغانلىقى؛ ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخس ئەمگەك تۆھپىسىنىڭ دارامەت تەقسىماتىنى تەڭشەيدىغانلىقى قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر ئوبيېكتىپ بولۇپلا قالماي رېئال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رېئاللىقى يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى تەڭشەش رولىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ رېئال ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئومۇمەن كونكرېت ھالدا مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تەڭشەش رولى داۋاملىق ئەشۇ ئالاھىدە شەكىللەر ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە شەكىل بولمىسا، ھەتتا بۇ خىل شەكىللەر ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىگە زىت كەلسە، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ رولى چەكلىنىشكە ئۇچرايدۇ ياكى بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ رولى بولغان بۇنداق ئالاھىدە شەكىللىك نەرسىلەر دەل بىز ئېيتىۋاتقان ئىقتىسادىي مېخانىزمدىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي مېخانىزم ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رول ئويناش شەكلى بولۇپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ ئىچكى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئومۇمەن، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رولى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي مېخانىزم بولغاندىلا ئاندىن جارى بولىدۇ.

ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنى بولۇشى ۋە ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رول ئويناش شەكلى بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ قوش يۆنىلىشلىك ئالاقە ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بىلەن ئىقتىسادىي مېخانىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىزدىن ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى توغرا تونۇش ئاساسىدا، ئىقتىسادىي مېخانىزملارنى توغرا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي مېخانىزم ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە خىلاپ ھالدا قارىغۇلارچە تەدبىق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەۋپلىك بولىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ ھازىرقى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى باھا قاتارلىق ئىقتىسادىي مېخانىزملاردىن پايدىلىنىشىمىز قىممەت قانۇنىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدىن چەتنەپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇ باھانى يا قىممەتنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان، يا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان قىلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىقتىسادىي دەۋرىيلىكنىڭ سىگنال سىستېمىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بۇ تەجرىبە بىزدىن ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بىلەن ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ مۇناسىۋىتىدە يەنىلا ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىز بازار مېخانىزمى (جۈملىدىن باھا، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ، رىقابەت قاتارلىقلار) نى جانلىق ۋە كونكرېت ئىگىلىمەي تۇرۇپ، قىممەت قانۇنىيىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى تەلەپ بىلەن تەمىنلەشنىڭ كونكرېت ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئېنىق چۈشەنمەي تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئىقتىسادىي مېخانىزمدىن ئايرىۋېتىلگەن ھالدا، ئابستراكت مۇھاكىمە قىلىندى، نەتىجىدە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادشۇناسلىق ئىقتىدارسىز، زەئىپ، تۇرۇقسىز قۇرۇق نەزەرىيىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى.

ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بىلەن ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئىقتىسادىي كاتېگورىيە سۈپىتىدە بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق مۇنۇ بىر نەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئىقتىسادىي مېخانىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەزمۇن قاتلىمى تېخىمۇ چوڭقۇرراق بولغان بولسا، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئىقتىسادىي ھادىسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىنراق،

زىچراق بولىدۇ. ئىككىنچى، مەلۇم بىر خىل ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رولى ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مېخانىزملار ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر خىل ئىقتىسادىي مېخانىزمنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى. پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدە تاۋار - پۇل مۇئامىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنىڭ ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش قانۇنىيىتىنىڭ رولى پۇل، باھا، باج قاتارلىق تاۋار ئىگىلىكى مېخانىزملىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. قىممەت قانۇنىيىتى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى بولغانلىقى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى كاپىتالىستىك ئىگىلىكتەك پۈتۈنلەي ئەركىن رىقابەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان، بازار ئىگىلىكى بولماي، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىكى باھا مېخانىزمى ھەمىشە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈۋەرمەيدۇ. ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئىقتىسادىي مېخانىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىقتىسادىي مېخانىزم ئوڭايلا كىشىلەرنىڭ ئاڭ سىزىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۆتىنچى، ئىقتىسادىي مېخانىزم ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ بىر تەرەپىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رول ئويناش شەكلىنىلا ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئىقتىسادىي قانۇنىيەت مەلۇم خىل رولغا ۋە رول ئويناش شەكلىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇ ئىچكى ئاساس، مەزمۇن قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پۈتكۈل ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەت ئەمەلىيىتىدە نۇرغۇن ئىقتىسادىي قانۇنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر - بىرىنى چەكلىشى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي قانۇنىيەت سىستېمىسى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي پائالىيەتتە مۇقەررەر ھالدا بىر خىل ئىقتىسادىي مېخانىزم سىستېمىسى مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا، بىز سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي مېخانىزم مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىغا قارىتا ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز؛ تۈرلۈك ئىقتىسادىي مېخانىزملارنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىتىلا تەتقىقات ئېلىپ بارماي، بەلكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي مېخانىزملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنىڭ شەكلىگە قارىتامۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

## 3 . ئىقتىسادىي مېخانىزم بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مۇناسىۋىتى

هەر قانداق ئىقتىسادىي تۈزۈم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئۇتاشتۇرۇپ تۇرغان پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىكنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن ئايلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئايلىنىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى مەلۇم ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە خاس ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى هاسىل قىلىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ: بىرىنچى، تۈرتكىلىك كۈچ قۇرۇلمىسى. بۇ ئىقتىسادىي هەرىكەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى نېمە؟ بۇ تۈرتكىلىك كۈچ قانداق شەكىللەنگەن ۋە قانداق داۋاملىشىدۇ دېگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، كونترول قىلىش قۇرۇلمىسى. بۇ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ۋە هەر قايسى قاتلاملىرىنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى كىم، قانداق شەكىل بىلەن تۈزىدۇ؟ تۈزۈلگەن سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئىجراسىنى قانداق نازارەت قىلىدۇ دېگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، تەڭشەش قۇرۇلمىسى. بۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى هەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پائالىيىتى قانداق تەڭشىلىدۇ؟ ئىقتىسادىي قارار ۋە تەدبىرلەر رېئال ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا قانداق ئىجرا قىلىنىدۇ دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتىنچى، ئۇچۇرچىلىق قۇرۇلمىسى. بۇ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا ئۇچۇرلار سىغىمىنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى، قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق تارقىتىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەشىنچى، تەشكىللەش قۇرۇلمىسى. بۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى هەر قايسى تەرەپ ۋە هەر قايسى قاتلاملارنىڭ هەرىكەت ئومۇمىي گەۋدىسى قانداق تەشكىلىي شەكىل ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولىدۇ دېگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتىنچى، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قۇرۇلمىسى. بۇ جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى، ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە ئىگىلىنىدىغانلىقى؛ ئىگىلەيدىغان ئاساسىي گەۋدىنىڭ ئەهۋالى ۋە تۈزۈلۈشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. هەر قانداق بىر خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ هەل قىلىنىشى، شۇ تۈزۈلمىگە خاس ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ چەك-

لىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، پۈتۈنلەي رىقابەتتە تۇرىدىغان كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە، ئىقتىسادىي پائالىيەت ھەرىكەت كۈچى ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىلىرىنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغلىشىشىدىن كېلىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئۇلار ئۆز ئالدىغا تارقاق ھالدا تۈزىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشمۇ پۈتۈنلەي بازار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارمۇ ئاساسەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا كۆندىلەڭ ئوبوروت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىقتىسادىي تارماقلار ئاساسەن باش - باشتاق، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلىي شەكىلنى قوللىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى ھەر قايسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار تارقاق ئىگىلەيدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىقتىسادنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىگىلىك پائالىيەت مېخانىزمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ؛ ئىقتىسادنى كونترول قىلىش، سىياسەت، تەدبىرلەرنى تارقاق تۈزۈش مېخانىزمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىگىلىكنى تەڭشەش پۈتۈنلەي بازار مېخانىزمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن خېرىدارلاردىن ئىبارەت كۆندىلەڭ ياكى يانداشما مېخانىزملارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش پۈتۈنلەي رىقابەت ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مېخانىزمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋاللار بىزگە ھەر قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە دائىم بىر خىل خاس ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي مېخانىزمنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كېشەك ئىكەنلىكىنى، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ پەرقى، ھەمىشە ئوخشاش بولمىغان تۈزۈلمىلەرنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي مېخانىزملىرىنىڭ پەرقىدە ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي مېخانىزم ھەمىشە ھادىسە شەكلىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ فونكسىيىسى سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادىي مېخانىزم ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسى تەرىپىدىن، يەنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — كارخانىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلىق ئورنىنىڭ تۇرغۇزۇلغان-تۇرغۇزۇلمىغانلىقى ئوخشىمىغان ئەھۋالنى ئىپادىلەيدۇ. كارخانىلار ئۆز ئالدىغا-

ئىگىلىك ئويۇشتۇرۇپ، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، كارخانىلارنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى ئاساسەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرى ئورگانلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ۋە بويسۇنۇشتىن كېلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە كارخانىلارمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تۈرلۈك مەمۇرى بۇيرۇقلىرى ۋە سىگنالىرىغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەشكىلاتلارمۇ مەمۇرىي ئورگانلارغا ئوخشاش بۇيرۇق بېرىش ۋە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت مەمۇرىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش ئەندىزىسىنى قوللىنىدۇ. ئەگەر كارخانىلار مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپەيتىشكە ئىنتىلىشىدىن كېلىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەتمۇ بازار سىگنالىنىڭ تەڭشىشى بىلەن ماسلاشتۇرۇلىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى شۇ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تارماق ھالقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەشكىللىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، مەيلى پۈتكۈل دۆلەت دائىرىسىدىن ئالايلى ياكى كونكرېت كارخانا نۇقتىسىدىن ئالايلى، مەيلى ماكرو ئىقتىسادىي پائالىيەتتىن ئالايلى ياكى كارخانىلارنىڭ مىكرو ئىگىلىك پائالىيىتىدىن ئالايلى، قانداق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي مېخانىزمغا چېتىلىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايرىپ، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان، ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرىدىغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ كۆپ خىل ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئېشىش شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ئۈنۈملۈك تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي مېخانىزمنى ۋە ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان مېخانىزمنى ئورنىتىش كېرەك.» بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىلى بولغان مۈلۈكچىلىك مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانى-

لارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي ياخشىلاشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، مۇناسىپ ئىقتىسادىي مېخانىزمنى، بولۇپمۇ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك مېخانىزمىنى ۋە ئۆز-ئۆزىنى چەكلەش مېخانىزمىنى ئورناتقىلى بولىدۇ. كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلارنى ئالساق ئۇلار ئاساسەن ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدۇ، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ، ئالدىنقى بىر نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق ئۇلار دۆلەتنىڭ ماكرولۇق يېتەكچىلىكىدە ئىگىلىك ئويۇشتۇرىدىغان، ھاياتىي كۈچى ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىگىلىك مېخانىزمىنى ئورناتتى. بۇندىن كېيىنكى ئىسلاھاتتا ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرسىلا بولىدۇ. ئەمما دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەنى ئومۇمىي خەلق مۆلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئۇنداق سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىقتىسادىي مېخانىزم ھەمىشە بىۋاسىتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق قۇراشتۇرۇپ چىقىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىقتىسادىي مېخانىزم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كىشىلەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئەندىزىسىنى خالىغانچە تاللىۋالالمايدۇ. بۇنىڭدا يەنىلا ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۇرمۇش پائالىيىتىدىكى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي مېخانىزمنى ئاساس قىلىدۇ. ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇنىڭ نورمال رولى بۇرمىلانسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىقتىسادىي پائالىيەتنى مۇقەررەر ھالدا توسۇپ قويىدۇ ياكى ئوڭۇشسىزلىققا باشلايدۇ. بۇ قاراش، ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئىسپاتلاندى. ھەممىمىزگە مەلۇم، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئاساسەن زورلاش كۈچىگە ئىگە مەمۇرىي ئۇسۇل ئارقىلىق سەرەمجانلاشتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭدا، ئىقتىسادىي پائالىيەت يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ كونترول قىلىناتتى ۋە پۈتۈنلەي پىلان ئارقىلىق تەڭشىلەتتى. تەقسىمات ئاساسەن يۇقىرىدىن تۈزۈلگەن پرىنسىپلار بويىچە بولاتتى. پۈتكۈل ئىقتىسادىي پائالىيەت ماددىي شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى. پۈتۈنلەي بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان يولىغا قويۇلۇپ، مەھسۇلاتلار بىر تۇتاش كىرىم قىلىناتتى، بىر تۇتاش چىقىم قىلىناتتى. كارخانىلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغمۇ مۇقىم مۈلۈك ۋە كۆچمە مۈلۈك ھالىتىدە تەقسىم قىلىناتتى. كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھـ

سوۋاتلار بىر تۇتاش كىرىم قىلىنىدىغانلىقى، بىر تۇتاش چىقىم قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بازار ئارقىلىق قىممىتى ئەمەلگە ئېشىپ، پۇل بىلەن ئىپادىلەنمەيتتى. شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىمۇ بېكىتىلگەن نورما بويىچە تەقسىم قىلىناتتى. قىسقىسى، تاۋار - پۇل مۇئامىلىسى ئاساسەن چەكلەنگەنىدى. بۇ خىل ئەھۋال سۈپەتلەشتۈرۈلۈپ «ماددىي شەكىل» دېيىلگەن. بۇ تۈزۈلمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى ھازىرلىيالمىدى. چۈنكى بۇ تۈزۈلمە ئورنىتىلغان مەزگىلدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بەلگىلىگەن ئىقتىسادىي مېخانىزم ھەر قايسى تەرەپلەردە پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدىكى ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخى ھازىرلىيالمىغانىدى. ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىدە ھەتتا رېئال ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلماي، ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ نەزەرىيىلىرىگە (بۇ نەزەرىيىلەر ھەممىشە دوگما چۈشەندۈرۈلگەن) ئاساسلىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈلمىدىغان پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغانىدى. گەرچە بۇ تۈزۈلمە ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ بەزى مېخانىزملىرى تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مېخانىزملار تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىدىكى ئىچكى مېخانىزملىرىنى بۇرمىلىۋەتتى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە كېشەكلىرى ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ پائالىيەتلىرىنى بارا - بارا سىغدۇرالماي قالدى-دە، بۇ تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي مېخانىزمنى ياخشىلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشتا يەنىلا ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ پائالىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزۈلمىنى ۋە ئۇنىڭ كېشىكىنى بەرپا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەلگىلىشى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ رېئال ئاساسىنى ھازىرلىشى ئىقتىسادىي مېخانىزم بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىدۇر. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قايسى خىل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تاللاشتا ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي مېخانىزمىمۇ خاس ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئىقتىسادىي مېخانىزم ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن ئايرىلسا،

تايانچسىز قالىدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە مۇقەررەر ھالدا، ئىقتىسادىي مېخانىزمنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ھەتتا مەلۇم مەزگىلدە ئىقتىسادىي مېخانىزمغا ھەل قىلغۇچ تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ. يەنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ھەممىشە ئىقتىسادىي مېخا-نىزمنىڭ ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ ۋە ئىقتىسادىي مېخانىز-منىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىنى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي مېخانىزملار ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇلمىلىق ھالىتىنى، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ سىستېما رولىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

ئىقتىسادىي مېخانىزم بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتى بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تاللىغىنىمىزدا چوقۇم ئوبيېكتىپ مېخانىزمنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشىمىزنى، ئىقتىسادىي مېخانىزمنىڭ نورمال، ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە كېشىكىنى تېپىپ چىقىشى-مىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي مېخانىزم بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە زىچ باغلىنىشلىق، ئۇلار بىر-بىرىگە كىرىشكەن، بىرى يەنە بىرىگە چىپىسلاشقان بولغاچقا، بۇ مۇناسىۋەت بىزنى تۈزۈلمىنى تاللاش بىلەن مېخانىزمنى تەقلىد قىلىشتىن ئىبارەت قوش مەسىلىنى بىر-بىرىگە باغلاپ، بىر تۇتاش ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادىي مېخا-نىزم مەسىلىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا چوقۇم تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىسلاھاتى ئۈنۈملۈك بولمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھاتىمۇ ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئاخىر ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جۇڭگو-چە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئەندىزىسىنىمۇ قۇراش-تۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: زايىت رەھىم

# تۈركىي تىللار تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر

## «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتىكى تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە زىت كۆز قاراشلارغا رەددىيە

ئىبراھىم مۇتىئىي

1. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا قەدىمكى ساك ـ ماساگىتلار ئەسلى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن ئىرانلىشىپ كەتكەن دېگەن كۆز قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن («ئۇيغۇرلار» ئۇيغۇرچە، 62 ـ بەتكە قاراڭ).

تىللار تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) رايونىدا شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەۋجۇت ئىدى. تىلشۇناسلار شەرقىي ئىران تىللىرىنى ئىككى چوڭ تارماققا بۆلىدۇ: بۇنىڭ بىرى، شەرقىي شىمال ئىسكىت تىللىرى تارمىقى، بۇنىڭغا قەدىمكى تىللاردىن خارەزىم تىلى، سوغد تىلى كىرىدۇ؛ يەنە بىرى شەرقىي جەنۇب تارمىقى، بۇنىڭغا قەدىمكى تىللاردىن پارفىيە تىلى، ساك تىلى (بۇ يەردە خوتەن ساك تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، توخار تىلى ۋە خاتتال تىلى كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن تىللار ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. خارەزىم تىلى: خارەزىملىكلەر ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات دارا 1 نىڭ بېخىستون پۈتۈك تاشلىرى ۋە «ئاۋەستا» دا ئۇچرايدۇ. خارەزىم ئاۋەستادا زىكىر قىلىنغان قەدىمكى زەردۇشتىلەر (ئاتەشپەرەسلەر) مەملىكىتى بولغان ئار يانا ماۋىجانىڭ نەق ئۆزى. زەردۇشت دىنى مۇشۇ خارەزىمدە مەيدانغا كەلگەن. قەدىمكى گرېك يازغۇچىسى سترابون خارەزىملىكلەرنى ساك ـ ماساگىتلارنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسىتىدۇ، مىلادىدىن ئاۋۋالقى VII ـ VI ئەسىرلەردە خارەزىملىكلەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ئىران قەبىلىلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلەشتۈرگەن. مىلادىدىن ئاۋۋالقى VI ـ V ئەسىرلەردە خارەزىم ئەخمانىدلار خاندانلىقىدىكى 16 ساتراپلىقنىڭ بىرى بولغان. ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندە خارەزىم پادىشاھى بىر مۇسـ

تەقىل دۆلەت ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن.

مىلادىدىن ئاۋۋالقى 1 ئەسىردىن باشلاپ خارەزىم مەدەنىيىتىدە دەشتى قىپچاق كۆچمەنلىرىنىڭ تەسىرى پەيدا بولغان.

تۇپراق قەلئەدىكى مۇقەددەس سارايدىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر (ياغاچ ۋە تېرىگە يېزىلغان) خارەزىمدە قۇلدارلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، خارەزىملىكلەر سوغد يېزىقىدىن پەرقلىق بولغان خارەزىم يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنىمۇ خارەزىملىكلەرنىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 1 ئەسىردىن باشلانغان خارەزىم يىل ھېسابى VIII ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ۋە خارەزىمشاھلاردىن 21 خارەزىمشاھنىڭ نەسەبنامىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، خارەزىم ھازىرقى زامان تارىخچىلىرىدىن ۋ.ۋ بارتولد، ئا. يۇ. ياكوبوۋسكى، ئارخېئولوگلاردىن س. پ تولستوفلار تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ساك ـ ماساگېتلارنىڭ بىر قىسمى بولغان خارەزىملىكلەر شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى، مىلادىدىن ئاۋۋالقى I ئەسىردىن تارتىپ، مىلادىدىن كېيىنكى VI ئەسىرگىچە بۇ يەرگە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ، خارەزىملىكلەر بارا ـ بارا تۈركلەشكەنلىكىنى نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا مۇشۇنداق تارىخىي پاكىتلارغا زىت ھالدا قەدىمكى ساك ـ ماساگېتلارنىڭ بىر قىسمى بولغان خارەزىملىكلەرنى كېيىن ئىرانلاشقان دېيىشى تارىخىي ئەمەلىيەتنى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق بولمامدۇ؟

2. سوغدىلار (ياكى سىغدىيانىلار) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى. سوغدىلار ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتلارمۇ دارا I نىڭ بېخىستون پۈتۈك تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇ خەلق مىلادىدىن ئاۋۋالقى VI ـ IV ئەسىرلەردىن مىلادى X ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئاۋۋالقى II ئەسىردە ئېچىلغان يىپەك يولى سودىسىغا بەك ئاكتىپ ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان خەلق. قەدىمكى گىرېك يازغۇچىلىرى سوغدىلارنى ماۋارائۇننەھىردە، ئەرەب ۋە ئىران يازغۇچىلىرى سوغدىلارنى زەرەفشان ۋادىسى بىلەن قەشقەر دەرياسى ئارىلىقىدا ياشىغان دەيدۇ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەيت قىلىنىشىچە، سوغدىلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقى

بولغان، شۇنىڭدەك ئۇ زاماندا (IX ئەسىردە) بىر قىسىم سوغدىلار بالاساغۇن ئەتراپىغىمۇ كۆچۈپ كەلگەن، لېكىن بۇلار بۇ چاغلاردا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىككى تىلدا (سوغدىچە ۋە تۈركچە) ئوخشاش سۆزلەيدىغان بولغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۇلارنى سوغداق دەپ ئاتىغان.

ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندە سوغدىلار دارادىن يۈز ئۆرۈپ، ئالېكساندىر تەرىپىگە ئۆتكەن.

مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى II ئەسىردە ھۇنلارنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلگەندە سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى ھۇنلارغا تەۋە قاڭقىللار تارمىقىغا كىرگەن. يەنە بىر قىسمى گرېك باكترىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ كۇشان خانلىقىنى قۇرغان ياۋچىلار تەۋەلىكىدە بولغان. مىلادىي V ئەسىردە يەنە بىر قىسىم ياۋچىلار كۇشان خانلىقىنى يوقىتىپ ئېفتالىتلار خانلىقى قۇرۇلغاندا سوغدىلار ئېفتالىتلارنىڭ تەۋەلىكىدە ياشىغان.

مىلادىي 563 — 567 - يىللىرى كۆكتۈركلەر ئېفتالىتلار خانلىقىنى يوقاتقاندا، سوغدىلار كۆكتۈركلەر تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

VIII ئەسىردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندە سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى ئەرەبلەر تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلمىغان يەنە بىر قىسمى شەرققە — چۇ دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە كۆچۈپ كەتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، سوغدى تىلى شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بىرى، مەشھۇر ئالىم بېرۇنىي ئۆزىنىڭ «ئەسەرۇلباقىيە» ناملىق ئەسىرىدە سوغدىلارنىڭ كالېندارىنى تونۇشتۇرغاندا، بۇ كالېندارلاردا كۆرسىتىلگەن بايراملار بۇخارا ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيەچىسى بەلخى شۇ چاغدىكى بۇخارا تىلىنى سوغدى تىلى دېگەن. 630 - يىلى بۇخارادىن ئۆتكەن ئېلىمىز سەياھەتچىسى شۈەنزاڭمۇ سوغدىلارنىڭ (ئۇنىڭ ئاتالغۇسى بويىچە سۇلىلەرنىڭ) يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان مىللىي يېزىقى بارلىقى، قەشقەر، يەتتىسۇ ۋە سەمەرقەنتلەردە سوغدى تىلى قوللىنىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

XX ئەسىردە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى سەددىچىن خارابىسىدىن تېپىلغان I ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغان ئۈچ پارچە سوغدىچە خەت، لوپنۇر رايونىدىكى ئەندىرەدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەت، تۇرپان بىلەن دۇنخۇاڭدىن بۇددا، مانى، نېستورىئان دىنلىرىغا ئائىت ھۆججەتلەر، خەتلەر،

كاللىنـدارلار تېپىلغاندىن كېيىن، سوغـدى تـىلى كـىشىلەرنـىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئالىملىرى سوغدى تىلىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىـشتى، گىرتىئو، ئاندىرىئاس، خىنىنـىڭ، لـىۋدىشـىت قاتارلـىق ئـالىملارنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسـىدە سوغدى تىلى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل بولدى.

سوغدى تىلـى قەدىمكى سەمەر قەنت دىئالېكتى ئاساسىدا شەكىللەنگـەن بـىر ئەدەبىي تىل. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان سوغدىچە خەت (بۇ خەت گەرچە 1 ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغان بولسىمۇ، خىنىنىڭ ئۇنى IV ئەسىرگە ئائىت دەپ ئىسپاتلىدى) بىلەن ئەنـدىـرەدىن تـېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە تاجىكىستاننىڭ موغ قورغانىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەت (بۇ سوغدىلارنىڭ ئەسلى يۇرتىدىن تېپىلغان بىردىـنبىر ھۆججەت) لەرنىڭ تىلى سوغـدىلارنىڭ IV ئەسىرگە ئائىت كونا سوغدى تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنـخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر VII ـ VIII ئەسىرگـە ئـائىت «يېڭـى سـوغدى» تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

فونىتىك جەھەتتە سوغدى تىلى«S» ۋە«L»دىئالېكتلىرىغا بۆلۈنىدۇ. سوغدى تىلىنىڭ زەرەفشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ھازىرغىچە سـاقلانـغان ياغىناپ دىئالېكتى بۇ دىئالېكتلارنىڭ ھېچبىرسىگە ئوخشىمايدۇ. S دىئالېكتى سوغدىلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي رايونلىرىدا تارقالغان.L دىئالېكتى سـوغدىـلارنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدا تارقالغـان. S دىئـالېكتى بويـىچە سوغدى سۆزى SuOId دەپ تەلەپپۇزقىلىنسا،L دىئالېكتىداسوغدى سۆزى SuLi يـاكى SuLk دەپ تەلەپپۇز قىلىـنىدۇ. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭتىلى ا دىئالېكتى بولۇپ، قەشقەرـنىڭقەدىمكى ئىسمى بولغان SuLi دېگەن سۆز سوغدى سۆزىنىڭL دىئالېكتىدا تەلەـپپۇز قىلىنىشىدىـن ئىبارەت، بۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئېيتىلغاندەك سۇلـۇق دېگەن تۈركـىي سۆز ئەمەس.

سوغدىلارنىڭ ئۆز يېزىـقلىرى بولـغـان. بۇ يـېزىقلار سۇمېرلارنىڭ ئارامى يېزىقىدىن كەلگەن. ئـارامـى يېزـىقى دەپ ئاتالغان بۇ يـېزىقنـى ئالدى بـىلەن پارسـلار قوبۇل قىلغان. ئىراندىن تېپىلغان ئارشاكىدلار سۇلالىسىنىڭ ئاقچىلىرىـدا ۋە نىيەدىن تېپىلغان مىلادى 1 ئەسىرگە ئائىت پۈتۈكلەردە بۇ يېزىق ئۇچرايدۇ. سوغدىلار بۇ يېزىقنى پارسلاردىنقوبۇل قىلغان. كونا سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتـلەردەئەنە شۇ ئارامى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان يېزىق ئىشلىتىلگەن. VII ـــ VIII ئەسىرلەردىكى يېڭى سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتلەردە يۇقىرىـدىن تۆۋەنـگە

يېزىلىدىغان (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاش) يېزىق ئىشلىتىلگەن.

III ئەسىردىن VII ئەسىرگىچە پەھلىۋى تىلى دەپ ئاتالغان پارس تىلى ساسانىلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغاندەك، VII — VIII ئەسىرلەردە سوغدى تىلى ۋىزانتىيەدىن تارتىپ چاڭئەنگىچە بولغان پۈتۈن يىپەك يولىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان سوغدىلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان. مۇشۇ يىپەك يولى بويلىرىدا ياشىغان باشقا يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىمۇ بۇ تىلنى ئوبدان بىلگەن ۋە ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە مۇشۇ يېزىقنى ئىشلەتكەن.

«جۇنامە» دە تۈركلەرنىڭ يېزىقى خۇلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدۇ، دېيىلگەندە مانا شۇ سوغدىلار يېزىقى كۆزدە تۇتۇلغان. شىنجاڭغا ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى «خۇ» دېگەن سۆز بىرمۇنچە ھاللاردا سوغدىلارنى كۆرسىتىدۇ.

(«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «خۇ» دېگەن سۆزنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان دەپ چۈشىنىپ، نۇرغۇن چۇۋالچاقلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان).

ئەرەب ئىستىلاسىدىن كېيىن ئىراندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ئەدەبىي تىلى گۈللەنگەندىن كېيىن بۇ تىل ئاۋۋال شەھەرلەردىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، بارا - بارا قەدىمكى سوغدى تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. پارسلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان رايونلاردىكى سوغدىلار تەدرىجىي پارسلىشىپ ھازىرقى تاجىكلارغا سىڭىپ كەتتى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان رايونلاردا بولسا، سوغدىلار تەدرىجىي تۈركلىشىپ، ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتتى. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغاندا، سوغدى شەھەرلىرى بولۇپمۇ سەمەرقەنت ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، بۇ سوغدىلارنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەتتى. پەقەت زەرەفشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ياغناپ دەرياسى بويىدا ياشايدىغان بىر قىسىم خەلقلا سوغدى تىلىنى ساقلاپ قالدى.

3. توخار تىلى. مىلادىدىن II ئەسىر ئىلگىرى گىرېك باكتىرىيە ئىمپېرىيەسىنى ئىشغال قىلغان خەلق توخارلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ياشىغان رايون ئەرەب - پارس تارىخلىرىدا توخارىستان دەپ ئاتىلىدۇ.

گرېك تارىخچىلىرى ئىلگىرى ئالكساندىر ماكدونىسكى ئىشغال قىلغان رايونلاردىكى خەلقلەر ئۈستىدە توختالغاندا، توخارلارنىمۇ تىلغا ئالىدۇ.

كۆپچىلىك ئەرەب تارىخچىلىرى گرېك باكتىرىيە ئىمپېرىيەسىنى ئىشغال قىلغان خەلقنى ئەسلىدە ياۋچىلار ئىدى دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ،

ياۋچىلارنىڭ ئەسلى يۇرتى گەنسۇدا ئىدى. ئۇلارنى ھۇنلار قوغلىۋەتكەن. توخارلار(ئەگەر ئۇلار ياۋچىلار بولغاندا) ئالدى بىلەن ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتىسۇغا، كېيىن ئامۇ دەريا بويلىرىغا بېرىپ ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلخ بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى جايلارغا ماكانلاشقان، بۇلار ئۇلۇغ ياۋچىلار (توخارلار) بولۇپ، كىچىك ياۋچىلار لوپنۇر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى جايلارغا ۋە قارا شەھەر، كۇچارلارغا ئورۇنلۇشۇپ قالغان.

«توخار» دېگەن سۆز شۇ خەلقنىڭ مىللەت نامى، بۇلار قۇرغان دۆلەت كۇشان دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، كۇشان دېگەن نام مەزكۇر خەلق قۇرغان دۆلەتنىڭ سىياسىي نامى. بەزى خەنزۇ ئالىملىرى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «داشىيا» (大夏) دەپ ئاتالغان دۆلەت نامىنى «توخار» دېگەن سۆزنىڭ بىر ئاز ئۆزگەرگەن ترانسىرىكپىيىسى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ.

مىلادى V ئەسىردە كۇشان دۆلىتىنى ئېفتالىتلار ئىگىلىدى. بۇلار ئابداللار بولۇپ، ئەرەب تارىخچىلىرى بۇلارنى خاتتال دەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا بۇ دۆلەت يەندا دەپ ئاتىلىدۇ.

مىلادى 563 ـ 567 ـ يىللىرى بۇ دۆلەت كۆكتۈركلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

توخارلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ ساك گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ۋە ئۆلگەن تىل ھېسابلىنىدۇ.

ئىلگىرى توخار تىلىدىكى ھۆججەتلەر كۇچا ۋە قارا شەھەرلەردىن تېپىلغانىدى. ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمكى كۇچا تىلى A توخار تىلى دەپ؛ قەدىمكى قارا شەھەر تىلى B توخار تىلى دەپ ئاتالغان.

كېيىنكى چاغلاردا (1962 — 1963) تېرمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە توخارلارنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان توخارىستاندىن كۇشان دۆلىتى دەۋرىگە ئائىت ئاقچىلار ۋە خىئونت ئىلاھىغا بېغىشلانغان مەدھىيەنامە تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان ئالىم بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى «ھەقىقىي توخار تىلى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا بىلەن قارا شەھەردىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تىلى «ئاتالمىش توخار تىلى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بەزىدە بۇ تىللار «كۇسەن تىلى» ۋە «ئاگنى تىلى» (يەنجى تىلى) دەپ ئاتالماقتا. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بولسا كۇسەن تىلى بىلەن ئاگنى تىلى «توخرى تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇەنزاڭنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، توخارىستاندا بىراخمى يېزىقى ئاساسىدىكى

25 ھەرىپلىك سولدىن ئوڭغا يېزىلىدىغان بىر خىل يېزىق ئىشلىتىلىپ، بۇ يېزىقتا بۇددا دىنى نوملىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغان. شۈەنزاڭ لوپنۇر ئەتراپىدىمۇ توخارلار ياشىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. لېكىن ئۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ يەردىكى شەھەرلەر پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا قالغانىدى.

3. خوتەن ساك تىلى. ستەيىن ۋە باشقا ئالىملار خوتەن (يوتقان) دىن تاپقان بۇددىزم ئەسەرلىرى، ساياھەت خاتىرىلىرى، پادىشاھلارغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر، تىببىي ئەسەرلەر، لۇغەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەمۇرىي ھۆججەتلەر، ئىقتىسادىي ۋە قانۇن ۋەسىقىلىرى مانا مۇشۇ خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان. بۇ تىلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى يالغۇز خوتەن بىلەنلا چەكلەنمىگەن، مارالبېشى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇ خىل تىلدىكى ھۆججەتلەر تېپىلدى. شۇڭا بۇ تىل شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىللار ئىچىدە بىر قەدەر كەڭ قوللىنىلغان تىل ھېسابلىنىدۇ.

نورۋېگىيە ئالىمى س. كونوۋ بو تىلنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىپ، بۇ تىلنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا ئىشلىتىلگەن يېزىق تۈزسىزىقلىق براھمى يېزىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىن ۋە چارقىلىق (قەدىمكى كروران) ناھىيىسى تەۋەسىدىن مىلادى III ـــ IV ئەسىرلەرگە ئائىت يازمىيادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن يېزىق قاروشتى يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىقتا ئىشلىتىلگەن تىلنى ئاتاغلىق سانسكرىتشۇناس ئالىم جى شەنلىڭ «نىيە ئاۋام تىلى» دەپ ئاتايدۇ. بەزى ئالىملار بۇ تىل ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر مۇشۇ جايلاردا ماكانلاشقاندىن كېيىن ئىشلەتكەن تىل دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى خوتەندە يەرلىك ساك خەلقى بولغانلىقى، ئۇلار خوتەن ساك تىلىدە سۆزلەشكەنلىكى بىر تارىخىي ھەقىقەت. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان بۇ خوتەن ساكلىرى كېيىن بارا ـ بارا تۈركلىشىپ كەتكەن. بەزى ئالىملار پامىردىكى ۋاخانلارنى ئەنە شۇ خوتەن ساكلىرىدىن قېپقالغانلار بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ قەدىمكى خوتەن ساك تىلى بىلەن ۋاخان تىلى (توغرىسى تاجىك تىلىنىڭ ۋاھان شىۋىسى) بىر مۇنچە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىغا قارىتىلغان.

مەھمۇد قەشقىرىمۇ قەدىمكى خوتەنلىكلەرنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان

خەلق ئەمەس ئىدى، بۇلار كېيىن تۈركلەشكەن، شۇڭا ئۇلار تۈرك تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەيدۇ دەپ ئۆتكەن.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مەزكۇر كىتابنىڭ 625 - بېتىدە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ «ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلاردىن قالغان يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدە «يۇنانلىقلار، رىملىقلار، پارسلار، سوغدىلار، خارەزىملىكلەر، يەھۇدىيلار، مىسىرلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادلىرى توغرىسىدا ...... قىممەتلىك بىلىملەرنى (جۈملىدىن تىلى ۋە يېزىقلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى) بەرگەن» دەيدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق، ئەپسۇسكى، ئاپتور ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ خارەزىملىكلەر، سوغدىلار ۋە ساك - ماساگىت خەلقلىرىنى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر دېگەن سۆزلىرىنى ھەمدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خوتەن ساكلىرىنىڭ كېيىن تۈركلەشكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق رەت قىلىپ، بۇ خەلقلەرنى ئەسلى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ كېيىن ئىرانلاشقان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەت نەق بۇنىڭ ئەكسىچە، خوتەندىكى ئۇيغۇر ئەينولارنىڭ، يەكەن ۋە قەشقەرلەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئابداللارنىڭ تا ھازىرغىچە ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان مەخپىي تىلى بارلىقى ئىران تىللىرىدا سۆزلەشكەن بۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە سىزۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ياش تىلشۇناسلىرىمىزدىن بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ ھادىسىنى تەكشۈرۈپ، بۇ مەخپىي تىلنىڭ بىر خىل ئىران تىلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى پارس تىلىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، گرامماتىكا جەھەتتىن بولسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىدى.

قىسقىسى، شىنجاڭدا قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەن ساكلىرى، كۇچا - قاراشەھەر توخرىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كېلىپ، تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا سودا ئورۇنلىرى (ئاھالە پونكىتلىرى) نى قۇرۇپ ماكانلاشقان سوغدىلار بولغان. بۇلارنىڭ تىلى ئۆلگەن شەرقىي ئىران تىللىرىغا مەنسۇپلۇقى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئۇلارنىڭ تىللىرى يالغۇز دىنىي سورۇنلاردىلا ئىشلىتىلمەي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا بۇ تىللار «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئېيتىلغاندەك چەتتىن كەلگەن، روھانىلار ئېلىپ كەلگەن، خۇددى ھازىرقى قۇرئان تىلىغا ئوخشاش دىنىي تىللار

ئەمەس، بەلكى يەرلىك خەلقلەر ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكەن تىللار. شۇڭا، ئۇ تىللارنى دىن تاراتقۇچىلار چەتتىن ئېلىپ كەلگەن تىللار دېگەن كۆز قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

شىنجاڭدا قەدىمكى دەۋرلەردە مەۋجۇت بولغان بۇ ئىران تىللىرىدا سۆزلەشكەن مىللەتلەر بۇ يەرلەرگە ھۇنلار دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان، كېيىن بارا-بارا كۆپىيىپ نوپۇس جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازانغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

شۇڭا بىر مۇنچە ئالىملارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك ئاساسىي ھەققىدىكى قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى تۆۋەندىكى خەلقلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن:

1. قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ شىنجاڭدا ياشاپ كېلىپ كېيىن تۈركىيلىشىپ (ئۇيغۇرلىشىپ) كەتكەن، خوتەن ساكلىرى، توخرىلار (كۇسەنلىكلەر، ئاگنىلىقلار)، سوغدىلار، ئېفتالىتلار؛

2. مىلادىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرىشكە باشلىغان تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن تۈرلۈك قەبىلىلەر؛

3. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تەركىبىدە بۇلاردىن باشقا يەنە قەدىمكى تاڭغۇتلار، چاغاتاي دەۋرىدە تۈركلەشكەن موڭغۇللار ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردە شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كېيىن ئۇيغۇرلۇشۇپ كەتكەن خەنزۇلارمۇ بار (توقسۇندا تا ھازىرغىچە بىر يېزا خەلقى «توغاچلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇلار يېقىنقى زامانلارغىچە باشقا يېزىلار بىلەن قىز ئېلىپ، قىز بېرىشمەي كەلگەن، توغاچلار دېگەن سۆز «تابغاچلار» دېگەن سۆزنىڭ ئەينى ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم). ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ ئاساسلىق مىللەت ئىكەنلىكى كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. بۇنى ئېتىراپ قىلىش تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلغانلىق. ۋەھالەنكى «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا نەق مۇشۇ مەسىلە ئېتىراپ قىلىنماي، شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئىنكار قىلىنغان، مۇنداق پوزىتسىيە تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

II. «ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردە بولۇپمۇ تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مىلادى V ئەسىردىن تارتىپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدا سۆزلەشكەن خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇر-

قارلۇق تىلىدا سۆزلەشكەن خەلقلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. نەتىجىدە بۇ كىتابنىڭ ئىسمى گەرچە «ئۇيغۇرلار» بولسىمۇ، مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن ھەممە خەلقلەرنىڭ تارىخى بولۇپ قالغان.

تۈركىي تىللار تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى ھۇن تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان بىر تىل ئىدى. ھۇن دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۈچ تارمىقى بولغان تۇنگۇس، مانجۇ تىللىرى، موڭغۇل تىللىرى ۋە تۈركىي تىللار بىر-بىرىدىن ئوچۇق ئايرىلىپ چىقمىغان. ھۇنلار ئىككىگە بۆلۈنگەن دەۋرگە كەلگەندە، (مىلادى I ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە) تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى بىلەن موڭغۇل-تۈرك تىللىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ھۇن دۆلىتى گۇمران بولغاندىن كېيىن، تۈركىي تىللار يالغۇز موڭغۇل تىللىرىدىنلا ئايرىلىپ چىقىش بىلەن قالماي، تۈركىي تىللارنىڭ ئۆزىمۇ ئوغۇز-قىپچاق تىللىرى ۋە ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرى دېگەن ئىككى چوڭ تارماققا ئايرىلدى.

قەدىمكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغان، تومسون، رادلوۋلار ۋە XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك پەرقلىرىنى تولۇق شەرھلەپ ئۆتكەن (بۇ يەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز).

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار ئاساسەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ تىلى بولۇپ قالدى.

ئوغۇز-قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردىن بولسا، ئوغۇز تىللىرى (تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تۈركىيە تىللىرى) ئايرىلىپ چىقتى؛ قىپچاق تىللىرىدىن بولسا، تاتار، قازاق، قىرغىز، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىللار ئايرىلىپ چىقتى.

بۇ تىل تارىخىدا ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ كۆپچىلىك ئالىملار ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىلمىي ھەقىقەت.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا تۈركىي تىللار تارىخىدىكى بۇ خىل ئەمەلىيەتنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلىشى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ،

1. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ XI ئەسىردىكى ئوغۇز قەبىلىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى ۋە ئىران تارىخچىسى رەشىدىدىننىڭ X ئەسىردىكى ئوغۇز قەبىلىلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى X ئەسىردىكى ئوغۇز-قىپچاق تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرسىمۇ (مەسىلەن، ئاق ئېۋلى، قارا ئىلۋلى، ياپارلۇ، چارۇقلۇ، ئالايۇنتلۇ دېگەنگە ئوخشاش قەبىلە ئىسىملىرىدىكى لى، لۇ قوشۇم-

چىلىرى قەدىمكى تۈركىي تىلىدا ۋە ئۇيغۇر تىلىدا لىق، لۇق شەكلىدە ئىدى)، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخى مىلاددىن ئاۋۋالقى دەۋرگە سۈرۈلۈپ، ھۇن يەنى ئالتاي دەۋرىدىكى قەبىلىلەر قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

2. ھۇن ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسىملىرى، مەنسەپ ئىسىملىرى، ھۇن دەۋرىدىكى جۇغراپىيەۋى ناملار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئالتاي تىلى، قەدىمكى تۈركىي تىل بويىچە ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ناملار قويۇلغان.

بىزگە مەلۇم، ھۇن دەۋرىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھۇن تىلى ئورتاق ئالتاي تىلى ئىدى. ئۇ دەۋردە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى، موڭغۇل تىللىرى ۋە تۈركىي تىللار تېخى بۆلۈنۈپ چىقمىغان. شۇڭا ئۇ دەۋردىكى يەر، ئادەم ئىسىملىرىنىڭ تۇنگۇس - مانجۇچىمۇ، موڭغۇلچىمۇ، ياكى تۈركچىمۇ ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بىرمۇنچە ئالىملار خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان ھۇن ئادەم، مەنسەپ ئىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىپ كۆردى. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، خەنزۇچە مەنبەلەردە خەنزۇچە يېزىلغان ھۇن ئىسىملىرى قەدىمكى خەنزۇ تىلى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قەدىمكى خەنزۇچە تەلەپپۇزنى ئېنىقلاشقا، ئاندىن مەزكۇر ھۇنچە ئىسىمنىڭ تۇنگۇس-مانجۇ تىلىغا، ياكى تۈركىي تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، ياپونىيە ئالىمى بەينياۋ كۇجى بۇ جەھەتتە ئۇزۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاپ چىقالمىدى. چۈنكى ھۇنلارنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ئانا تىلى ئالتاي تىلى بولغاچقا، ئۇ تىل ھەققىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشماي تۇرۇپ بۇ مەسىلىنى تولۇق ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلىش قىيىن ئىدى.

ۋەھالەنكى، قەدىمكى خەنزۇ تىلى، قەدىمكى ئالتاي تىلى ھەتتا قەدىمكى تۈركىي تىلىدىنمۇ تولۇق خەۋىرى بولمىغان «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ مەسىلىلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ھەل قىلىپ ئاۋارە بولغان، نەتىجىدە بىرمۇنچە غەلىتە ئاتالارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان، ھەل قىلالمىغانلىرىنى، مەسىلەن، ھۇن ھۆكۈمدارى ئىسمى بولغان (چەنيۈي) نى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىپ، بۇ سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولغان «تەڭرىقۇت» سۆزىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

ھۇن تارىخى بىلەن ئۇزۇن شۇغۇللانغان چەتئەل ئالىملىرى مەتە دەپ خەنزۇچە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىسمىنىمۇ ئاپتور «باتۇر» دەپ ئەسلىگە كەلتۈر-

گەن، ھەتتا ھۆن تارىخىنى يازغان تۈركىيە ئالىمى باھاۋىدىن ئۆگەلمۇ مۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، چۈنكى باتۇر دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز تۈركىي تىللاردا كېيىن پەيدا بولغان، قەدىمكى تۈركىي تىلدا باتۇر دېگەن مەنىنى «ئالپ» سۆزى ئىپادىلەيتتى، باتۇر دېگەن سۆز دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئورخۇن - يەنسەي يېزىقىدىكى ھۆججەتتە «باغاتۇر» دەپ يېزىلغان. شۇڭا بىر مۇنچە تىلشۇناسلار بۇ سۆزنى «باھادۇر» دېگەن پارسچە سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك دەپ قارىماقتا.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئۆزى ھەل قىلالمىغان ھۆن ھۆكۈمدارلىرى ئىسىملىرىنى بىر بولسا، ھازىرقى زامان خەنزۇچە تەلەپپۇزى بىلەن بېرىش بىلەنلا قانائەتلەنگەن، ئۇنىڭ قەدىمكى خەنزۇچىدە قانداق تەلەپپۇزى قىلىنىشى بىلەنمۇ چاتىقى بولمىغان، بىر بولسا قەدىمكى يەر ئىسىملىرىنى مىڭ يىل كېيىن پەيدا بولغان ئىسىملارغا ئالماشتۇرۇۋەتكەن.

3. قەدىمكى زاماندا خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ۋە ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئەسلىنى تىكلەش ئىشى ئىلىم دۇنياسىدا پەقەت ئورخۇن - يەنسەي ئابىدە تاشلىرى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقىغا ئائىت تاش پۈتۈكلەر تېپىلغاندىن كېيىنلا بىر قەدەر ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلىندى.

بۇنىڭدا، ئورخون - يەنسەي تاش پۈتۈكلەرنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇپ چىققان تومسون ۋە پېللىيوت، چاۋاننېس، رادلوۋ، بارتولدلار ۋە مەملىكىتىمىز ئالىملىرىدىن خەن رۇلىن، چېن جۇڭمىيەن ۋە باشقىلار ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىش ئېلىپ بېرىپ، 24 تارىختا ئۇچرايدىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ۋە شەخس ئىسىملىرى، مەنسەپ ئىسىملىرىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تەلەپپۇزىنى ئېنىقلاش ئىشىغا كۆپ ھەسسە قوشتى، بۇلار بۇ ئىلمىي خىزمەتتە بىر تەرەپتىن مەزكۇر ئىسىملارنىڭ خەنزۇچە قەدىمكى تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلسا (خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزىدىمۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋر بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پەرقى بولىدۇ)، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى تۈركىي تىلىنىڭ تەلەپپۇزىنى (بۇنىڭدىمۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋر بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن دەۋرلەر تەلەپپۇزىدا پەرق بولىدۇ) ئاساس قىلغان.

ئەمما «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا، قەدىمكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ۋە ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئىسىملىرى، مەنسەپ ئىسىملىرىدا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىلىنىڭ ھەر خىل دەۋرلەردە بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان تەلەپپۇزى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنماي

بىر مۇنچە خاتالىقلارغا يول قويۇلغان.

بۇلاردىن بەزىلىرىنى بۇ يەردە مىسال كەلتۈرىمىز: (1) «تۇرا» مەسىلىسى. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا، قەدىمكى دىڭلىڭ، تېلې، دىلى دېگەن ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيداپ، ئاۋستادا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى ئىران شاھزادىسى «تۇر» نىڭ ئىسمىغا باغلاپ قويغان (ئاپتور شاھنامىدىكى ئىران شاھزادىسى «تۇر» ھەققىدىكى رىۋايەتنى بىردەم ھېچ ئاساسىي يوق ئەپسانە دەيدۇ، بىردەم بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلغان تورا، تومارس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاقانلىرى دەپ قاراش ئىلمىي ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىدۇ).

ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلغان چەتئەل ئالىملىرى، شۇجۈملىدىن تۈركىيە ئالىملىرىمۇ شەرقىي ئىران شاھزادىسى بولغان «تۇر» ياكى «تۇرا»نى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەجدادى دېگەن پىكىرنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

بارتولدىن «توران» ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا «توران» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۇپلىك بارلىقىنى، بۇ يەرگە مىلادىدىن كېيىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىران ئەپسانىسىدىكى تۇراغا تەككەن يەرلەر شۇنىڭ ئىسمى بىلەن توران دېيىلگەن. ئۇ چاغلاردا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI_VII ئەسىرلەردە) بۇ يەرلەردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بولمىغان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بىر ئىرانلىقنىڭ ئىسمىنى دىڭلىڭ، تېلې قەبىلىلىرى نامىنىڭ تۈركىي شەكلى دېيىشى پۈتۈنلەي ئاساسى يوق.

قەدىمكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار دىڭلىڭ، دىلى، تېلې دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى تۈركىي شەكلىنى تېپىش ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن. دىلى، دىڭلىڭ دېگەن سۆزلەر «تۈرك» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ قەدىمكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك دېگەن پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «تېلې» تۆلۈس tolos دېگەن تۈركىي قەبىلە ئىسمى بولسا كېرەك دېگەن پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن چىن جۇڭمىيەن ئەپەندى tolös دېگەن سۆز تېلېنى ئەمەس، بەلكى خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى تۆلىس (突利失) نى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ.

ھون تارىخى ئاپتورى باھاۋىدىن ئۆگەلمۇ دىڭلىڭ، تېلې دېگەن سۆزلەر «تۈرك» بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان، لېكىن بۇ پىكىر يازما ھۆججەتلەر (قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدىكى) ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغاچقا، بۇ ئالىملار بۇ ئىسىملارنى يەنىلا دىڭلىڭ، تېلې، دىلى شەكلىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(2) تابغاچ دېگەن ئاتالغۇ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئىشلىتىلگەن «تابغاچ» سۆزى ئوتتۇرا جۇڭگوغا ياكى خەنزۇلارغا قارىتىلغان، بۇنىڭدا شەك يوق.

قەدىمكى تۈرك تىلى مۇتەخەسسىسلىرىدىن گابايىن خانىم، كونونوف، باسكاكوۋلار بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توبا (拓拔) قەدىمكى ئوقۇلۇشى (takbat>tag-bar) دېگەن قەبىلە نامىدىن كەلگەن دەيدۇ. مىلادى 534 ـ 586 ـ يىللاردا شىمالىي جۇڭگودا قۇرۇلغان ۋېي سۇلالىسىنى شۇ قەبىلە قۇرغان. ئاۋۋال شۇ تۇبالارنى بىلدۈرىدىغان تابغاچ ئىسمى، كېيىن ئومۇمەن خەنزۇلارنى ياكى ئوتتۇرا جۇڭگونى كۆرسىتىدىغان بولغان. خۇددى كىدانلارنى بىلدۈرىدىغان قىتاي دېگەن ئىسىم كېيىن شىمالدىكى مىللەتلەردە شۇ جۈملىدىن رۇسلاردا ئومۇمەن خەنزۇلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ كەتكەندەك.

ئامىي پاكىتلار ۇشۇنداق تۇرسا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئاپتورى تابغاچ سۆزىنى تابىشە دېگەن ئەرەبچە سۆزدىن كەلگەن غەلىتە پىكىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان.

ئورخۇن ـ يەنسەي ئابىدىلىرى دەۋرىدىكى قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئەرەبچە سۆزلەر يوقلۇقى ھەممىگە ئايان، شۇڭا ئاپتورنىڭ بۇ سۆزنى ئەرەبچە تابىئە دېگەن يىلتىزغا باغلاپ قويغىنى تىل تارىخىغا پۈتۈنلەي زىت.

ئىككىنچىدىن، قاراخانىيلاردا چوڭ خانلار «ئارسلانخان»، كىچىك خانلار «بۇغراخان» دېيىلىدىغانلىقىمۇ قاراخانىيلار تارىخى مۇتەخەسسىسى پىرتساك تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەت، شۇڭا قاراخانىيلاردا بويسۇنغۇچى خانلار «تابغاچ خان»، چوڭ خانلار بۇغراخان دېيىلىدۇ دېگەن سۆزلەرمۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز. چۈنكى قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى ئىچىدە چوڭ خانلاردىنمۇ «تابغاچ بۇغراخان» ئۇنۋانىنى ئىشلەتكەنلەر بار.

كۆپچىلىك تىلشۇناش ۋە تارىخ ئالىملىرى شۇ جۈملىدىن مەھمۇد قەشقىرى ئاللىقاچان ئوچۇق ئېيتىپ ئۆتكەن تابغاچ سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۈچ كىتاب ئاپتورىنىڭ مۇنداق غەلىتە پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خانلارنىڭ «تابغاچ» سۆزىنى بىر خىل شەرەپلىك ئۇنۋان تەرىقىسىدە ئىشلەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى شەرقنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملىكىتى ھۆكۈمرانلىرى قاتارىدا كۆرگەنلىكىنىڭ ياكى ئومۇمەن تارىختا

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ئىنكاسى، ھېچبولمىغاندا قاراخانىيلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ئىنكاسى بولغان «تابغاچ» ئۇنۋانى ھەققىدە قالايمىقان جۆيلۈش «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بىر جۇڭگوگراۋدانى بولۇش سۈپىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

(3) مىلادىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەرگە ئائىت يەر ئىسىملىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت يەر ناملىرىنى خەنزۇچە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىشمۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردە قوللىنىلغان بىر غەلىتە ئۇسۇل. مەسىلەن:

قەدىمكى «داۋەن» مەملىكىتى ئىسمى ھازىرقى پەرغانىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۆزبېك تارىخچىلىرى «داۋەن» سۆزىنى (بۇ سۆز ئەسلى داۋەنلىكلەرنىڭ ئۆز سۆزى بولۇپ، خەنزۇچە خەتلەر شۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىن ئىبارەت) ئۆز ئەسەرلىرىدە «داۋەن» دەپ ئېلىپ، بۇ مەملىكەت ھازىرقى پەرغەنىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ ۋە قەدىمكى دەۋر ھەققىدە گەپ بولغاندا يەنىلا «داۋەن» دەپ ئالىدۇ.

داۋەننىڭ پايتەختى ئېرشى شەھىرىمۇ ئەسلى داۋەن تىلىدىكى ئىسىم بولۇپ، خەنزۇچىسى ئۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ئەمما «ئۇيغۇرلار» دا بۇ ئىسىم ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يەر نامى «مۇھەممەدىيە» گە ئالماشتۇرۇلغان. بۇمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاش.

«قوچۇ» مەھمۇد قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى، ھازىرقى قاراغوجا ئەشۇ «قوچۇ» شەھىرىنىڭ نامى ئالدىغا ئۇلۇغ، مۇقەددەس دېگەن مەنىدىكى «قارا» دېگەن ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمما «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا، قوچۇ سۆزى پارسلارنىڭ «خواجە» دېگەن سۆزى دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، بۇ ھەقتە بىرمۇنچە ئەپسانىلار توقۇلغان.

«گەنسۇ» نى «كەڭسۇ» دېيىشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. گەنسۇ دېگەن نام «گەنجۇ» بىلەن «سۇجۇ» (جيۇچۈەن) دېگەن ناملارنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، گەنسۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ئۆلكە نامى قىلىنغان. ئۆز ۋاقتىدا مەسئۇد «گەنسۇ» دېگەن نام «كەڭسۇ» دېگەن تۈركىي سۆزدىن كەلگەن دەپ كۆلكىگە قالغان.

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ نامىمۇ قەدىمكى ھۆججەتلەردە

«سارىغ ئۆكۈز»، «يەشىل ئۆكۈز» دەپ ئاتالغان.

بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، بۇ يەردە بۇلار ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختالمايمەن.

III ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى قاچان پەيدا بولغان دېگەن مەسىلە.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى سومېرلار ئىجاد قىلغان ئارامى يېزىقىنى قوبۇل قىلغان دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەمەلىي پاكىتلارغا قاراپ چىقايلى:

ئارخېئولوگلار مىلادىدىن ئاۋۋالقى VII ئەسىرلەردە بايقال ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىڭلارغا ئائىت تېپىلمىلاردىن ئورخۇن يېزىقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەچچە ھەرپنى ۋە ئېلىمىزنىڭ يىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ ئىروگلىفلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان +○□◇ شەكىللىك ئابستراكت ئوقۇملارنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرنى تاپقان، لېكىن بۇلار تېخى يېزىق بولماستىن، خاتىرە بەلگىلىرىدىنلا ئىبارەت بولغان.

يېقىندا ئالمائاتا يېنىدىكى ئىسسىقكۆلدىن مىلادىدىن IV - V ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت ئالتۇن كىيىملىك شاھزادە قەبرىسى تېپىلدى، شۇ شاھزادىنىڭ كەمىرىدە بىر نەچچە قۇر خەت بار ئىكەن. ساكلارغا ئائىت دەپ بېكىتىلگەن بۇ خەتنى نۇرغۇن تۈركشۇناس ۋە ئىرانشۇناس ئالىملار تېخى ئوقۇپ چىقالمىدى. بەزىلەر مەسىلەن، قازاق ئالىمى ئامانجولوۋ ئۇنى ھازىرقى زامان قازاق تىلى ئاساسىدا ئوقۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئوقۇش ئالىملار تەرىپىدىن تېخى رەسمىي قوبۇل قىلىنمىدى، شۇڭا بۇ خەتنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپلۇقى تېخى ھەل بولمىغان مەسىلە.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ ھەقتە تۈركىمىنىڭ بىر گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەرگە ئاساسلىنىپلا، ئۇنى بۇرۇنقى تۈرك يېزىقى دەپ مۇقىملاشتۇرۇۋەتكەن.

تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردە، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا يېزىق قاچاندىن پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان پاكىتلار تۆۋەندىكىچە:

1. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدە يېزىلغان سۇرىيە يېزىقىدىكى «خەۋەرلەر» دېگەن كىتابتا ھۇنلار (بۇ يەردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دا بۇنىڭدىن 20 يىل ئاۋۋال ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋالراق ئۆز تىلى ئۈچۈن

يېزىق ئىجاد قىلىندى، دېيىلگەن.

2. «شىمالىي جۇ نامە» دە قەيت قىلىنىشىچە، VI ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە تۈركلەردە سوغدى (خۇ) يېزىقىغا ئوخشايدىغان يېزىق ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، دېيىلگەن.

3. «شىمالىي چىنامە» دە «دەي ئالىمى ليۇشىچىڭ تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا كېيىنكى ھۆكۈمدارىمىز ئۇنىڭغا بودا دىنىنىڭ نىرۋان سۇتراسىنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تۈرك قاغانىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرىدى» دېيىلگەن.

ئەمدى يېزىق يادنامىلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئارامى يېزىقىنى ئالدى بىلەن پارسلار قوبۇل قىلغان. ئىراندىن تېپىلغان ئارشاكىدلار (安息) سۇلالىسىنىڭ ئاقچىلىرىدا بۇ يېزىق ئىشلىتىلگەن. پەھلىۋى يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىق شەرقىي ئىران خەلقلىرىدىن بولغان خارەزىملىكلەر ۋە سوغدىلار ئارقىلىق IV ئەسىرلەر ئۆپچۆرىسىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە ئۆتكەن.

VIII ئەسىردە ئۆتكەن ئىسلام ئالىمى فەخرىددىن مۇبارەكشاھ بەدەخشان ۋە ماۋارائۇننەھردە قوللىنىلغان تۈرك يېزىقىنىڭ سوغدىلاردىن تۈركلەرگە تارقالغانلىقىنى قەيت قىلغان.

تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆز يېزىقى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى خەت ئالاقىدە سوغدى يېزىقى ۋە تىلىدىن پايدىلانغان. 1946 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئالاخانگاي ئايماق دېگەن جايىدىن تېپىلغان سوغدىچە تاش پۈتۈك بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، بۇ پۈتۈكتە تىلغا ئېلىنغان تاشپار قاغان (572 — 581) بىر بودا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. بۇ مەڭگۈ تاش ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئورنىتىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان V ئەسىرگە ئائىت تارىشلاردىمۇ سوغد يېزىقى ئىشلىتىلگەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان VII ئەسىرگە ئائىت پال چۈكلىرىدە بولسا سوغد يېزىقى ئۇيغۇر تىلىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يېزىق يادىكارلىقلىرى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى V ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆز يېزىقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. (داۋامى 80 - بەتتە)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا

## — تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىغا باھا

جۇ ۋېيجۇن

1989 يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرى (ئۇيغۇرچە) نى نەشر قىلدى. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى بىر مۇنچە نۇقتىئىنەزەرلەرنى كىشىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ دەپ ھېسابلىدىم. ئاپتور بۇ تارىخىي ئەسەردە ئۇقۇمنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى پەرق ئېتىش ۋە نەقىل كەلتۈرۈش، تەھلىل قىلىش، يېشىش ۋە خۇلاسىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسىگە ئاساسلىنىپ، خالىغانچە گەپ يورغىلاتقان، ھەتتا تارىخىي ماتېرىياللارنى بۇرمىلىغان. شۇ سەۋەبتىن، كىتابتىكى يەكۈننىڭ كۆپىنچىسى تارىخىي پاكىتلاردىن يىراقلىشىپ كەتكەن. تۆۋەندە «ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى قىسمى ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىغا تەنقىد، تۈزىتىش بېرىشنى سورايمەن.

### 1 . ئۇيغۇرلار قايسى ۋاقىتتا، قەيەردە پەيدا بولغان؟

ئالدى بىلەن مۇنداق بىر نۇقتىنى، يەنى «ئۇيغۇرلار» (维吾尔人) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئىشلەتكەن كىتاب نامىنى ۋە بۇ كىتابتا قوللىنىلغان (维吾尔人) «ئۇيغۇرلار» دېگەن سۆزدىكى «لار» (人) نى ئېنىقلاپ ئۆتۈش كېرەك. (人، لار) نىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇ دۆلەت، مىللەت، رايون، ھەتتا جىنس، ياش قاتارلىقلارغا ئۇلاپ تەتبىق قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان مەنىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ كىتابتا تەتبىق قىلىنىشىدىن ۋە مەنىسىدىن قارى-

ھالدا، ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگىنىدە «ئۇيغۇر مىللىتى» كۆزدە تۇتۇلغان. ئاپتورنىڭ ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان «مىللەت - 民族» (كەڭ مەنىدىكى مىللەت) دېگەن ئىلمىي ئۇقۇمنى قوللانماي، كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «لار» (人) دېگەن ئۇقۇمنى ئىشلىتىشىدە باشقىچە غەرەزى بارمۇ، يوق، بۇنىسى نامەلۇم. بىزنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ تۇتۇق ئۇقۇمنى ئائىلاج «ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن ئىلمىي ئۇقۇم قىلىپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كەلدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى (كېلىپ چىقىشى) مەسىلىسى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ، پىكىر ئىختىلاپلىرى بار. بولۇپمۇ 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پىكىر ئىختىلاپلىرىمۇ كۆپ بولدى ①. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق بىر

---

دېمەك، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى سومېرلار ئىجاد قىلغان ئارامى يېزىقىنى مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرى بىۋاسىتە ئاراملاردىن ئالغان ئەمەس، بەلكى مىلادىدىن كېيىنكى VI — V ئەسىرلەردە سوغدىلاردىن ئالغان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئاپتورىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنى ئۇزۇن قىلىپ كۆرسىتىمەن دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ھېچ بىر ئاساس كۆرسەتمەيلا 2500 يىل ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنى مۇشۇنداق قۇرۇق پو ئاتىدىكەن دېگەن ئاھانەتكە قالدۇرىدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا تىلشۇناسلىققا ياتىدىغان مەسىلىلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر ئىملاسىدىكى خىلمۇ خىللىق، ئاتالغۇلاردىكى قالايمىقانچىلىقلار، سۆزلەرگە بېرىلگەن ئىزاھلاردىكى خاتالىقلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختالمايمىز.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

مەسئۇل تەھرىر: ئابلەت نۇردۇن

خەل يېڭى قاراشنى، يەنى ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇر مىللىتى) نىڭ پەيدا بولغان يېرى (يەنى ئۇلارنىڭ «يۇرتى») كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، «ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا ھىمالايا تاغلىرىغىچە بولغان جايلار كىرىدۇ»، بۈگۈنكى كۈنگىچە 8000 يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان كىشىلەر، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتەرگەن ساك، ھۇن، تۈرك، قىرغىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار بىلەن قان - قېرىنداش، ئېتنىك جەھەتتىن بىر، بۇ قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن قانداش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» ② دېيىلىدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورنىڭ بۇ تۈپ نۇقتىئىنەزىرى كىتابنىڭ بېشىدىكى «نەشرىياتتىن» دېگەن قىسمىدا ناھايىتى ئېنىق يىغىنچاقلانغان: «ئۇيغۇرلار — مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن بىر نەچچە مىڭ يىللىق يازما تارىخقا ئىگە، ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلار بۈنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن، ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي ئېتەكلىرى، موڭغۇل دالاسى، جۇڭغارىيە دالاسى ۋە تارىم ۋادىسى، يەتتىسۇ دەپ ئاتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىگە يۇلتۇزلاردەك تارقالغان. ئاپتور بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە، تارىخىي يادىكارلىق، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تەپسىلىي دەلىل كەلتۈرگەن، ئەمما بۇ ئاساسلار ئازراقلا سىلىشتۇرۇپ كۆرۈلسە ۋە تەھلىل قىلىنسا، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرلار بۈنىڭدىن 8000 يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان دېيىلىدىغان گەپلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەسلىكى مەلۇم بولۇپ چىقىدۇ.

ئاپتور ئالدى بىلەن گېئولوگىيىدىن، ئارخېئولوگىيىدىن ئاساس ئىزدەپ مۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى ۋاقىتتىن ئون نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي ئىقلىمى ھازىرقىغا قارىغاندا نەم بولۇپ، ھۆل - يېغىن كۆپ ئىدى، دەريا - كۆللەرنىڭ سۈيى مول بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بەرگەن، ئەمما «بۈنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىيىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئاسىيانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي بۆلۈكى بولغان تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى

ئالتاي ئارقىلىق كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆلى (قەدىمكى چاغلاردا «بايكۆل» دەپ ئاتالغان) ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. مىلادى 840 - يىلى موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىن موڭغۇلىيىگە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى ئىدى» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇنقى كۆچۈشتە تارىم ۋادىسىدىن لاداخ يولى ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىز ھىندىستاننىڭ ئەسلى يەرلىك خەلقى بولغان دراۋىدلارنىڭ قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىگە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتكەن»③.

بۇ خۇلاسە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، گېئولوگىيىلىك IV دەۋردە كونىلۇن تېغىدىكى مۇزنىڭ يېتىلىش كۆلىمىنىڭ بارا - بارا تارىيىپ كېتىشى ئارقىسىدا تارىم ئويمانلىقىدا سۇ مەنبەسى ئازىيىپ كەتكەن، ئەسلىدىكى دېلتىلاردا بارا - بارا قۇملىشىش شارائىتى بارلىققا كەلگەن. «مۇزلۇقنىڭ پەللىسىمۇ پەللە تارىيىشىغا ئەگىشىپ، قۇملۇق ئەرىكە قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىگەن، كېڭەيگەن» بۇ كېلىمات تەدرىجىي قۇرغاق، قۇملۇق ئىقلىمغا ئۆزگىرىپ، ئىزچىل داۋاملىشىپ، قىسقا مۇددەتلىك دەۋرىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق ئالاھىدە ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى يۈز بەرمىگەن.④ دېمەك، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئېيتىلغان بۇنىڭدىن 8000 يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، شەرققە، غەربكە كۆچكەن دېيىلگەن نۇقتىئىنەزەر پۈتۈنلەي ئاپتورنىڭ پەرەزىدىنلا ئىبارەت. خوش، ھازىرغىچە شىنجاڭدىن كوناتاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلەر تېپىلمىغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 8000 يىل ئىلگىرى پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىدا (جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدا) كۆپلەپ ئىپتىدائىي ئادەملەر توپىنىڭ ئولتۇراقلاشقان - ئولتۇراقلاشمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس تۇرسا، قەيەردىمۇ كۆچۈپ يۈرۈدىغان ئاھالە بولسۇن؟ ئاپتورنىڭ تارىم ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزدىن بۇنىڭدىن 8000 يىل ئىلگىرى نۇرغۇن ئىپتىدائىي ئادەملەر قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ موڭغۇلىيە، بايقال كۆلى ئەتراپىغا كۆچكەن دېيىشىدە مىلادىنىڭ 840 - يىلى غەربكە كۆچكەن خۇيخېلار (回纥) (ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى) تارىم ۋادىسىغا قايتىپ كەلگەن دېيىدىغان ئەپسانىنى دەلىللەشلا كۆزدە تۇتۇلغان. ئاددىي ساۋاتقا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنداق قاپىلىكىمۇ ئاساسى يوق پەرەزدىن ھەيران بولىدۇ.

بۇنىڭدىن 8000 يىللار ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھىندىستانغا كۆچكەن دېيىدىغان خۇلاسىمۇ ئوخشاشلا كۈلكىلىك. ئاپتور بۇ خۇلاسىنى ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى ھاراپپا (پەنجاپ شىتاتىدا) قاتارلىق جايلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك (ئۇيغۇر - ئەسلى ئاپتورنىڭ ئىزاھى) كە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھەيكەلنىڭ تېپىلغانلىقى ئارقىلىق دەلىللىمەكچى بولىدۇ. ھىندىستان مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلارغا كەلسەك، ئالىملار ئومۇمەن ئاپتور تىلغا ئالغان دراۋىدلار ئىدى دەپ قارايدۇ؛ ئالىملار يەنە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھىندىستان يەرلىك خەلقلىرىدىن براخۇيلار، سۇمېرىئانلار، پانىلار، ئاسۇرالار، ۋاخكالار، داسالار، ناگاسلار، ئارىيانلار بار ئىدى دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇ خىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان⑤. ئەمما «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى» دېگەن سۆزنى زادىلا ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىن كۆچۈپ بارغان ئەجدادلىرى دېگەن گەپنى بولسا تېخىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى خۇلاسىسى ئاساسسىزلا قىلىنغان گەپ.

ئاپتور تارىم ئويمانلىقىدا بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ئۇلار بۇنىڭدىن 8000 يىلچە ئىلگىرى كۆچكەنلەر ئىچىدىن قېپقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى دېگەننى دەلىللەش ئۈچۈن، «خەلق» گېزىتىنىڭ 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى خەۋىرى، يەنى روراندىن تېپىلغان ئايال جەسىتىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ 6412 يىل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن، ئەمما ئاپتور «خەلق» گېزىتىنىڭ شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى خەۋىرىدە، يەنى جۇڭگو ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، روراندىن تېپىلغان ئايال جەسىتىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇقلا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرگە دىققەت قىلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئانتروپولوگلىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى (جۈملىدىن روراندىكى ئايال جەسىتى چىققان خارابە) نىڭ دەۋرى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە بارمايدۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىمۇ قالمايدۇ، ئەمما ئۇ شۇ رايوننىڭ برونزا (مىس) قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 2000 - 3000 يىل ئىلگىرىكى) نىڭ مەلۇم مەزگىلىدىكى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان ⑥. بۇ خۇلاسىنى شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرىمۇ جەزملەشتۈرگەن.

ئەمەلىيەتتە، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭ رايونىدىن ھازىرغىچە بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلەرنى تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن 8000 يىللىقچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئوتتۇرا، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلەرنى تاپتى ⑧. بۇ خارابىلىقتا ياشىغان ئاھالىلەر بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ھازىر مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش تەس.

بۇ توغرىلىق مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ــــ 50- يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلىرى ئىچىدە ئاۋتوختونىزم (ABTOXTOHNЗM) بىر مەزگىل ئەۋج ئالغانىدى، بۇ نەزەرىيە ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەجدادى شۇ مىللەتنىڭ ھازىر ياشاۋاتقان جايىدا بولغان بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ نەزەرىيە كونكرېت تارىخىي جەرياننى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدۇ، نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ. 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى س. پ. تولستوۋ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتقان: «بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى شەكىللەنگەن تارىخىي رايون ئورتاق گەۋدىسى ئاساسىدا، تۈرى مۇرەككەپ بولغان، يەرلىك ۋە كۆچۈپ كەلگەن مىللەتلەر تەركىبىدىن ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى كېلىپ چىققان. بۇ مىللەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ھېچقانداق بىرقەدىمكى مىللەتتىن بىۋاسىتە كەلگەن ئەمەس. ئەكسىچە، مەيلى قەدىمكى دەۋرنىڭ يەرلىك مىللەتلىرى بولسۇن، مەيلى چەتتىن كەلگەن مىللەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەلۇم مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتىكى ئەزالىرى بولۇپ قالدى، بەزىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى، قىسمەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنىڭمۇ بىر قىسمى بولۇپ قالدى» ⑨. مېنىڭچە، بۇ سۆز كەڭ مەنىدىكى ئاسىياغا ھەمدە قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئېغىزمۇ قويۇق ۋە مۇرەككەپ بولغان شىنجاڭ مىللەتلىرى (جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى) گىمۇ پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار (ياكى ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى) بۇنىڭدىن 8000يىل بۇرۇنلا تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان دېيىلگەن قاراشنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش، روشەنكى، پۈت

تىرەپ تۇرالمايدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيادا (كەڭ مەنىدىكى) ئىدى دېگەننى ھەر خىل تارىخىي يادىكارلىقلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا، مەسىلەن، «تارىخنامە»، «خەننامە» دىكى «ھۇنلار تەزكىرىسى» دە، يۈي خۇەن يازغان «ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلغان، مىلادىدىن نۇرغۇن ئەسىر ئىلگىرى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان دىڭلىڭ» ⑩ نى شۇنىڭدەك ھازىرقى جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشىغان «خۇجيې - 呼揭» ئوغۇز (ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «خۇدات -呼得图» دەپ يېزىلغان) نى يەنى مىلادى VII ئەسىردىكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن چىلې، تېلې، دىلى، ۋۇخۇ قاتارلىقلارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ دىڭلىڭ، چىلى، تىلې، دىلى قاتارلىق ناملارنى ئوتتۇرا ئاسىيا زەردەش دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋستا» قاتارلىق كىتابلاردا ئېيتىلغان «تۇرا (Tura)» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە قىلىنغان ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ھېسابلايدۇ. خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا (ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە) «تۇرالار»، «شەرقىي تۇرالار» ۋە «غەربىي تۇرالار» (ئەسلى ئەسەردە «شىمالىي دىڭلىڭ ۋە «غەربىي دىڭلىڭ» دېيىلگەن) دىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. ئاپتور شەرقىي تۇرالار، غەربىي تۇرالار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى، ئۇلار «شەرقىي ئۇيغۇرلار» ۋە «غەربىي ئۇيغۇرلار» دۇر، دەپ ھېسابلايدۇ.

[illegible] جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەردىن دىڭلىڭلار (جۈملىدىن شىمالىي دىڭلىڭلار ۋە غەربىي دىڭلىڭلار)، دىلىلار، چىلىلار، تېلېلار، تۈركلەر (ھەتتا چىلېلارنىڭ يەنە بىر نامى ئېگىز ھارۋىلىقلار) نىڭ تارقىلىشى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا خېلى ئېنىق خاتىرىلەر يېزىلغان، بولۇپمۇ VI ئەسىردىكى سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «سۈينامە. تېلېلار تەزكىرىسى» («ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇنىڭدىنمۇ نەقىل ئالغان) دە تېلې قەبىلىلىرىنىڭ نامى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە توغرا چۈشەندۈرۈلگەن. مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ئومۇمەن يۇقىرىقى ناملارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىلدا تۈلۈس TIOS دەپ ئاتىلىدىغان بىر نامنىڭ ھەر خىل تەرجىمە قىلىنىشى، يەنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي

ئاتىلىشى ⑪ دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما بۇنداق دېيىشكە قوشۇلمايدىغان ئالىملار مۇ بار.

ھالبۇكى، غەربنىڭ بەزى ئالىملىرى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر يازمىلىرىدا (مەسىلەن، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە) ...

ھالبۇكى، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقالغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادى ئەمەس. ياكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئاز بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەۋم ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ھەمدە باشقا بىر مۇنچە مىللەتلەرنى (بىر قىسمىنى) ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ ئاندىن پەيدىنپەي بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) دا ياشىغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، قەدىمكى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن مىللەت نەچچە ئونغا يېتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرلا مىللەت. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەتتا غەيرىي تۈركىي تىللىق بولسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەۋالغان ياكى ئۇدۇللا «ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىغان، ئۇلار كېلىپ چىققان جاي — ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) نىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى دەپ قارىغان. مانا بۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابقا سىڭدۈرۈلگەن ئەڭ ئاساسلىق خاتا ئۇقۇملارنىڭ بىرى. ئاپتور مۇشۇنداق نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنداقتا بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادا شۇنىڭدەك شىنجاڭدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى مىللەتلەرنى نەگە قويىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولامدۇ؟ پاكىت ئۇنداق ئەمەس.

ئۇيغۇر مىللىتى (كېيىنكى ۋاقىتلاردا خۇيخۇ 回鹘 ۋە ئۇيغۇر 回纥 回纥族 دەپ ئۆزگەرتىلگەن) خانلىقى ئاساسلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايون موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلار ئىدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىدا ئەسلىدە نۇرغۇن يەرلىك مىللەتلەر ياشايتتى. بۇ يەرلىك ئاھالىلەر (مىللەتلەر) «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ھۆكۈم قىلە

شىچە، ئۇيغۇرلار ئىكەن.

ئاپتور ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى غەربىي يۇرتقا دائىر بەزى يەر ناملىرىنى يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىكىگە ئوخشاش بولغان يەر ناملىرىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئەڭ بۇرۇن يەرلىك بولغانلار ئۇيغۇرلار ئىدى دەپ ئىسپاتلايدۇ. شىنجاڭ رايونىنىڭ (يەر ناملىرىنى ئالىملار كۆپ دەلىللىگەن، خىلمۇ خىل گەپلەر بار. مەسىلەن «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تىلغا ئالغان «بارىكۆل» (ئۇيغۇر تىلىدا «بارسكۆل» دېگەن بولىدىكەن) خەنزۇچە يادىكارلىقلاردا ئەڭ بۇرۇن «پۇلېيخەي» (蒲类海) دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن «婆悉» (بوشى) دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولغان؛ «بوشى» دېگەن نام ئەينى زاماندا شۇ يەردە ياشىغان تۈركىي تىلنى بىلىدىغان 拔悉密 (باسىمىللار) دىن كەلگەن ⑫. «سۇلى» 疏勒 (يەنى قەشقەر) نى بەزى ئالىملار تۈركىي تىلدىكى suluk سۆزىدىن كەلگەن دەيدۇ. بەزى ئالىملار بۇنداق دېيىشكە قوشۇلمايدۇ ⑬. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ناھايىتى مۇرەككەپ، يەر ئىسىملىرىنىڭ قويۇلۇشى شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ياكى شۇ يەرگە كېلىپ كېتىپ يۈرگەن مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەر ئىسىملىرىدىن كۆپىنچىسىنىڭ نامى («ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا مىسال كەلتۈرۈلگەن يەر ناملىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى (تۈركىي تىل) دىنمۇ، موڭغۇل تىلىدىنمۇ ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەسلىدە غەيرىي تۈركىي تىل بىلەن ئاتىلىپ يۈرۈپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈركىي تىللىق كىشىلەر تەرىپىدىن شۇ بويىچە قوبۇل قىلىنىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇدقۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى يەرلىك مىللەت ئۇيغۇرلار (تۈركىي خەلقلەر) ئىدى دېگەننى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى ئارقىلىق دەلىللەشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە قەدىمكى يۇنان، رىم مەنبەلىرىدىن «سېرىسلار دۆلىتى» ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ مەنبەلەردە شۇ چاغدا تارىم ۋادىسىدىكى سېرىسلار دۆلىتى، بۇ دۆلەتتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتى، ئىرقىي قىياپىتى ھەققىدە قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان ⑭ دەيدۇ. بىز قەدىمكى يۇنان، لاتىن يازغۇچىلىرىنىڭ يىراق شەرق توغرىسىدىكى يادىكارلىقلىرىنى، جۈملىدىن «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مىسال كەلتۈرگەن يۇنان، رىم يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتۇق،

ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يېزىلغان «سېرىس» دۆلىتى كۆپىنچە مىش ـ مىش گەپ بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئالىملار شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ دەلىللەش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن قاتارلىق جايلىرىنى تىلغا ئالغان. ئەمما ئۇ يادىكارلىقلاردا تەسۋىرلەنگەن «سېرىس» دۆلىتىنىڭ زادى قەيەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭدا بىر تۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا (جۈملىدىن هازىرقى شىنجاڭ) كۆرسىتىلىدۇ، بىر تۇرۇپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ياكى باشقا جايلىرى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەققىدىكى گەپلەر («مەسىلەن، 300 يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەنمىش دېگەن گەپلەر) مۇمىش ـ مىش گەپلەر [15] ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يادىكارلىقلاردا يېزىلغان «سېرىس» دۆلىتى ھەققىدىكى خاتىرىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى زادىلا ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مىلادى XI ئەسىردە ئۆتكەن تامىم ئىبنى بەھىر ئەل مۇتاۋۋىنىڭ ساياھەتنامىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ (جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقى) قاتارلىق جايلاردا VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا «كاپىر تۈركلەر» ئولتۇراقلاشقان، بارسىغان (هازىرقى ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرى) دىن تارتىپ موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇنغىچە «پەقەت تۈرك خانىنىڭ (ئۇيغۇر قاغانىنى دېمەكچى) پوچتىسى مېڭىپ تۇرىدۇ» غانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تامىمنىڭ ساياھەتنامىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن، 1948 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئالىم مىنورسكى ئۇنى ئەرەبچە باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ رەتلىگەن. ئۇنىڭ دەلىللىشىچە، تامىم شەرققە يۈرۈپ توققۇز غۇز (توققۇز ئوغۇز) غا كەلگەن ۋاقىت ئاپتورنىڭ دېگىنىدەك مىلادى 750 ـ يىلى ئەمەس، مىلادى 821 ـ يىلى ئىكەن [16] بۇ ۋاقىت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئادالەت قۇتچىقان قاغان (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان) هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۈچى بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە خانلىقىنىڭكىگە يېتىشىپ قالغانىدى، شۇڭا تامىم ئۇنى يۇقىرىدىكىدەك تەسۋىرلىگەن. هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن خەنزۇچە، زاڭزۇچە، ئەرەبچە مەنبەلەردىن قارىغاندا، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى كۈچىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا زادىلا هۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەس، پەقەت، بىر مەزگىل كۈچىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ئەتراپىغىچە بارغان. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلق، مەسىلەن، قارلۇقلار، ياغمىلار، تۈركەش

لەر، ئۇيغۇرلار ئاز سانلىقلا تەشكىل قىلاتتى.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلار غەربكە — شىجۇ (غەربىي ئايماق) قاتارلىق جايلارغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان يەرلىك ئاھالە زادى قايسى مىللەت ئىدى؟ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ: مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا (تار مەنىدىكى) دا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئىدى ⑰ دەپ خاتا ھۆكۈم قىلغان ھەمدە شىنجاڭدىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى سانسكرىت يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى بىلەن ھىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت يازما ماتېرىياللارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئارىيان نەسلىگە مەنسۇپ خەلقلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇقتىئىنەزەرگە «رەددىيە» بەرگەن؛ بۇنداق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرىدىغان كىشىلەر ھەر قانداق قىلىشمۇ مۇنداق بىر مەسىلىنى، يەنى بۇ جايدا ئۇيغۇرلار ئەمەس، باشقا خەلقلەر ياشىغان بولسا، دىن ۋە مىللەت پەرقى، شۇنداقلا سان جەھەتتىمۇ نەچچە ھەسسە پەرقنىڭ بولۇشىغا قارىماي، قانداق قىلىپ شۇنداق قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ؟ ⑱ دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، دەپ قارىغان.

بۇ يەردە «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئالدى بىلەن پاكىتنى غەرەزلىك بۇرمىلىغان، يەنى مۇشۇ ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان، ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان قارۇشتى يېزىقى (ئۇنىڭ ئارامى يېزىقىدىكى بىر شەكلى ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىنىڭ قەدىمكى ھىندى - ئارىيان تىلىدىكى بىر خىل ماقال - تەمسىل دىئالېكتى ئىدى) دىكى يادىكارلىقلارنى ⑲، شۇنىڭدەك ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشەھەر - قۇچۇ تىلىدىكى، قاراشەھەر - كۇسەن تىلىدىكى (ئا ب تۇرىدىگەكىرىدىغان توخار تىلىدىكى)، ئۇدۇن ساك تىلىدىكى يادىكارلىقلارنى، زاڭزۇچە، خەنزۇچە مەنبەلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن، بۇ مەنبەلەر پەقەت بۇددا نومىلىرى يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئەمەس، ئۇنىڭدا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان، يەردىن قېزىۋېلىنغان، ھەر خىل يېزىقلاردا يېزىلغان ۋەسىقىلەر، توختاملار، يادنامىلەر، پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ بار. دېمەك، بۇ يادىكارلىقلاردا ئەكس ئېتتۈرۈلگەن پاكىتلار ھەرگىز «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئېيتقاندەك، بۇددا مۇرىتى

لىرىلا ئىشلەتكەن نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. ئۇ شىنجاڭدا ئەسلىدە يەرلىك بولۇپ كەلگەن ئاھالىلەر بىلەن شۇنىڭدەك مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى نەچچە ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭغا كەينى - كەينىدىن كىرگەن ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلاردا يېزىلىشىچە، شىنجاڭغا كىرىپ ماكانلاشقان مىللەتلەر ئىچىدە ھۇن، ياۋچى (جۈملىدىن كېيىنكى كۇشانلار) ساك، توخار، سوغدى، چياڭ، خەنزۇ، تۇبۇت، ئېفتالىتلار شۇنىڭدەك تۈركىي تىللىقلاردىن تېلې، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىقلار بولغان. بۇ مىللەتلەر شىنجاڭدا ئەسلىدە يەرلىك بولۇپ تۇرغان مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئۆز ئارا سىڭىشىپ، 840 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىك ئەھۋالىنى شەكىللەندۈرگەن ⑳.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قانداق قىسمىغا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى سوئالغا كەلسەك، بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپقىلى بولمىدى. چۈنكى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى مىلادى V ئەسىردىن بۇيان شىمالدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، بولۇپمۇ بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ھەممە قىسمى ياكى كۆپ قىسمى VI ئەسىردىن XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاۋۋال تۈركلەرنىڭ، كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، تۈركلىشىش خاھىشىغا خېلىلا ئىگە بولغان، ھەتتا بىر قىسىم تۈركلەر، ئۇيغۇرلار شۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. دېمەك، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، غەربىي ئايماقتا ھاكىمىيەت قۇرغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرى بولسا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىنىڭ) تۈركلىشىش، ئۇيغۇرلىشىش جەريانى زور دەرىجىدە تېزلەشكەن. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات («ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ «تېز» ئۇيغۇرلاشقان دېگىنىدەك ئەمەس) ئارقىلىق، ئەسلىدە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى يەرلىك مىللەتلەر ئاستا - ئاستا ئاسسىمىلياتسىيىلەشكەن، سىڭىشكەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئاندىن ئاستا - ئاستا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تىزىۋالغان نەزەرىيىۋى ئاساسلارنىڭ ھېچقايسىسى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا

پەيدا بولغان دېگەننى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خاتالىقى شۇكى، ئۇ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا تۈركىي تىللىق بولمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كېلىپ چىققان ۋاقتى ۋە جايلىرىنىنى تامام ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققان ۋاقتى، كېلىپ چىققان جايى دېگەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ چىقارغان يەكۈنىنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولمايدىغانلىقى، كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى تەبىئىي.

ئۇيغۇرلار زادى قايسى زاماندا، قەيەردە پەيدا بولغان دېگەن مەسىلىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنى قايسى زاماندا قەيەردە پەيدا بولغان دېگەندە، ئاساسەن شۇ مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئەڭ بۇرۇن ماكانلاشقان جاي ۋە ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەرگىز شۇ مىللەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مىللەت ياكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولغان، قوشۇلۇپ كەتكەن مىللەت پەيدا بولغان جاي ۋە ۋاقىتنى شۇ مىللەت پەيدا بولغان جاي ۋە ۋاقىت قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىنىدىكەن، بىر مىللەتنىڭ چىققان يېرىنى چەكسىز كېڭەيتىشكە، كېلىپ چىققان ۋاقتىنى چەكسىز ئالدىغا سۈرۈشكە بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تەتقىق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققان يېرى ۋە ۋاقتى ئۈستىدىكى سوئالغا ھەقىقىي جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەل قىلىش لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققان يېرى (يۇرتى) ۋە ۋاقتى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسىگىمۇ توختالدۇق. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئەپسانە، رىۋايەت، تارىخىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردىنمۇ دەلىللەيدۇ. ئۇ بايان قىلغان ئېتنىك مەنبە راستتەك تۇرغىنى بىلەن يالغان، تۇتۇق، غۇۋا، ئۇنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى بىر-بىرىگە قارمۇقارشى، خاتالىق ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، كىتابتا بىر تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇنلار بىلەن، ساكلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، ياكى ئۇلار مەنبەداش ئىدى دېسە، بىر تۇرۇپ ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى ئىدى ۋە ھاكازا دەيدۇ. ئەمدى بىز «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ھەر بىر مەسىلە بويىچە تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

**1 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى هۇنلارمۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا**

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى نۇرغۇن ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىچىدىن، ئۆزى تارىخىي چىنلىقتا بىر قەدەر ئۇيغۇن دەپ ھېسابلىغان رىۋايەتنى، يەنى قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» نى تاللىغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان «ئوغۇزنامە» ئەڭ دەسلەپتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلـغان، XIV ئەسىردە ئۆتكەن پىرسىيە تارىخچىسى راشىدى يازغان «جەمىئۇلتاۋارىخ»، XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخچى ئەبۇلغازى يازغان «شەجەـرەئى تۈرك» قاتارلىق كىتابلاردا ئوغۇزخانغا دائىر رىۋايەتلەر بار. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەت تەخمىنەن X ئەسىردە شەكىللەنگەن، كېيىن يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، دەپ قارايدۇ. XIV ئەسىردە راشىدى «جەمىئۇلتاۋارىخ» نى يازغاندا، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن ئىسلام دىنىغا دائىر مەزمۇنلارنى قوشقان ㉑. ئوغۇزخان ھەقـقىدىكى رىۋايەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق داستانى. بۇرۇن بەزى تارىخچىلار ئوغۇزخاننى ھۇنلارنىڭ باتۇر (مۇدۇ) تەڭرىـقۇتىغا ياكى موڭغۇللارنىڭ چىڭگىزخانىغا باغلىغان، بۇ قىلچە ئاساسسىز پەرەز. بۇمۇ خۇددى بەزى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ زاگرۇ خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانىدىكى گىسارخاننى رىم پادىشاھى كايسېرغا ئوخشاتقىنىدەك تازا كۈلكىلىك ئىش. بۇ نۇقتىنى ئالىملار ئاللىبۇرۇنلا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ㉒. ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتـنىڭ قەھرىمانلىق داستان خاراكتېرى توغرىسىدا خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتـقاندەك: «ئوغۇزخاندىن ئىبارەت بۇ دەسلەپكى ئەجداد قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازى دەپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كۆرە، ئۇنى تۈركلەرنىڭ ھەتتا تۇرانلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرىدىكى پۈتۈن خەلقـنىڭ بىر قاتار ياكى بىر نەچچە قېتىم قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان شانلىق كۈـرەش جەريانىنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈشى دەپ قاراش تارىخىي چىنلىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ» ㉓. ۋەھالەنكى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئوغۇزخانـنى ھۇنلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى دېيىش ئارقىلىق، ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئېتنىك مەنبەداش ياكى ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى دېگەن يەكۈننى چىقارغان، روشەنكى، بۇ يەكۈن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە ھۇنلارنى دىڭلىڭلار، ئىگىز ھارۋىلىقلار، تېلېلار (ئاپتور بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىغان) غا ئوخشاشلا بۆرىنى تۆتېم قىلغان دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا 1972-يىلى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئاروست رايونىدىن بىر ئالتۇن تاج تېپىلغانلىقى، تاجنىڭ تۆپىسىگە قوندۇرۇلغان ئالتە تۇلدىن ياسالغان بىر قارچىغىنىڭ ئالتۇن تاجنىڭ چېكىلىكىدىكى ئىككى جۈپ بۆرىنىڭ ئىككى تېكىنىنى چىشلەۋاتقانلىقىغا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھۇنلارنىڭ بۆرىنى ناھايىتى ئەتىۋارلايدىغانلىقى ۋە ئۇنى تۆتېم قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاروست رايونىدىن تېپىلغان بۇ ئالتۇن تاج ۋە باشقا ئاسارىئەتىقىلەر تەخمىنەن يېغىلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 403 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلغىچە) گە مەنسۇپ ھۇن قەبرىستانلىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىكەن㉔. لېكىن ئالتۇن تاجدىكى رەسىملەرگە ئاساسلانغاندا، ھۇنلار بۆرىگە قارىغاندا قارچىغىنى تېخىمۇ بەك ئەتىۋارلىغان، شۇڭا قانداقلا بولمىسۇن، ھۇنلار بۆرىنى تۆتېم قىلغان دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرى كونا، يېڭى «تاڭنامە» لەرنىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن خاتا مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. ھالبۇكى، «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» دە يەنە ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ ھۇنلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلارنىڭ قىز تەرەپ جىيەنلىرى ئىكەنلىكى، ئېگىز ھارۋىلىقلار كېيىنكى تېلېلار ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلار (خۇيخې، ۋېيخېلار) ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ ۋە تېلېلارنىڭ بىر قوۋم ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلغان، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى يۇقىرىقى زىددىيەتلىك مەلۇماتقا قارىتا، جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى دېگۈدەك تېلېلار (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن ئالدىنقى مەلۇماتقا ئىشەنمىگەن. ناۋادا ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش بولغان بولسا، ئېگىز ھارۋىلىقلار، تېلېلارنىڭ ئەسلى زاتى بولغان دىڭلىڭلار خەنزۇچە مەنبەلەردە ھۇنلار بىلەن قارىسمۇ قارشى بىر مىللەت سۈپىتىدە خاتىرىلەنمىگەن بولاتتى. ئۇلار ئارىسىدا گەرچە يېقىن مۇناسىۋەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېتنىك مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى قەدىمكى مىللەتتۇر. تۈركلەر بىلەن

تېلىلار (ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ بىر قىسمى) ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىللىق قەدىمكى مىللەتلەر بولۇپ، ئوخشاشلا بۆرىنى تۇتېم قىلغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار بىر — بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى قەدىمكى مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ھەر ئىككىسى تېلى دېگەن بۇ ئورتاق نام ئاستىدا، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا تۈركىي تىللىق ئىككى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يازما يادىكارلىقلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، مەسىلەن، ئالتاي پازىرىقتىن تېپىلغان يىغلىق دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكى جەسەت (ئاپتور ئۇنى ھۇن ياكى تۈرك دەپ ھېسابلايدۇ) خەن سۇلالىسىگە مەنسۇپ ھۇنلارنىڭ شۇتۇق شاھزادىسى جىنرىدى، مىلادى 71 ئەسىردە غەربنىڭ كىتابلىرىدا «ئاق ھۇن» دەپ خاتىرىلەنگەن ئېفتالىتلار، شەنشىدىكى كېشىگجۇئاگدىن تېپىلغان ھۇنلارنىڭ رەسىمدىكى چېلىشىۋاتقان قىياپەتكى كىشىنىڭ رەسىمى، تۇرپاندا قۇتقۇ پانتاينىڭ قەبرىسىدىن چىققان تۆت لاي قورچاق ۋە يېقىندا ئېيتىلغان لوپنۇردىن تېپىلغان ئايال جەسىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قاڭشارلىق، ئېگىز بوي، تېرىسى ئاق يولغۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ھۇنلار بىلەن تۈركلەرنىڭ بىر ئىرقتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان. پازىرىقتىن تېپىلغان جەسەتنىڭ ھۇنلارنىڭ ياكى تۈركلەرنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش زادى مۇمكىن ئەمەس، ئەينى چاغدا ھۇنلار بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق قىلغانمۇ - يوق؟ ئەگەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا، قەدىمكى جەسەت ھۇنلارنىڭمۇ ياكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر ئېنىق ئەمەس. تا ھازىرغىچە يەكۈن چىقىرىلغىنى يوق. قۇتقۇ پانتاي ھۇن ئەمەس، بەلكى ھۇنلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان لۇشۈي غۇزلىرىدىن، جەسەت بىلەن بىللە تېپىلغان تۆت لاي قورچاق (بۇ ئىدا ھەيكىلى ئەمەس) مۇ پانتاينىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى قانداقمۇ ھۇننىڭ جەسىتى دېگىلى بولسۇن! يەنە ئالايلۇق، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئاپتورىنىڭ قۇتقۇمۇنسۇن قۇتقۇپانتاينى قوچۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن دېگىنى خاتا، چۈنكى ئۇ چاغدا مۇنسۇن ئاللىقاچان ئۆلگەن، شىمالىي لياڭ خانلىقىمۇ شىمالىي ۋېي خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، كېيىن شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ سەردارلىرىدىن ۋۇتقۇۋۇخۇي بىلەن قۇتقۇ ئەنجۇ قوچۇدا قايتىدىن كىچىك شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، قۇتقۇ پانتاي قوچۇغا ۋالىي بولغان، ئۇنى ۋۇخۇي ياكى ئەنجۇ تەيىنلىگەن [25]. «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتالغان ئېفتالىتلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ

تېرىسى ئاق بولغاچقا، گېرېك تارىخچىلىرى ئۇلارنى «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتىغان، ئەكسىچە ئېيتساق، ھۇنلارنىڭ تېرىسى ئاق بولۇشى ناتايىن.

قىسقىسى، بۇنداق پارچە - پۇرات، دەر گۇمان ماتېرىياللار ئارقىلىق ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئىرق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ھۇنلارنىڭ موڭغۇل يايلىقى قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، ھۇن دۆلىتى ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان، يېقىندا جۇڭگو ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى يولداش ۋۇئېن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن تېپىلغان ھۇنلارنىڭ ئىرقىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك يەكۈننى چىقارغان㉖. ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئىرقىي تېپىنىلا ئاساس قىلىپ يەكۈن چىقىرىلسا، پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بىر قەدەم چېكىنىپ ھۇنلار بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى تېلېلار، ئۇيغۇرلارنى بىر ئىرققا مەنسۇپ دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇنلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە، ئىرق كاتېگورىيىسى ئەمەس، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللار پەقەت بېكىتىش ئامىلى بولالايدۇ، ئۇنى ھەل قىلغۇچ ئامىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

ھۇنلارنىڭ تىل سىستېمىسى مەسىلىسى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى بۇرۇن خېلى كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەكۈن چىقىرالمىدى، بۇ ھەقتە ئاساسلىقى، ھۇن تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىلغا ياكى موڭغۇل تىلىغا مەنسۇپ دەيدىغان، شۇنداقلا ھۇنلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل ئائىلىسى بىلەن موڭغۇل تىلى ئائىلىسىنىڭ ئارىلاشمىسى دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۇن تىلى تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ دەيدىغان ئالىملارنىڭ سانى كۆپرەك㉗. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھۇنلارنى تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەت دەپ ھېسابلىغان. ئۇ ھەتتا ھۇنلار مىلادىيىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا يەنىسەي - ئورخۇن يېزىقى (يەنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى) نى قوللانغان دېگەن، ئۇ بۇنىڭغا ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ خەن پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ يازغانلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ٧ ئەسىرگە تەئەللۇق بىر تۈرك شاھزادىسى (؟) نىڭ قەبرىسىدىن يەنىسەي - ئورخۇن يېزىقى ئويۇلغان بىر كۈمۈش تاۋاق تاپقانلىقىنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدۇ㉘. بىزا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئو-

لوگىيىلىك تېپىلمىلار توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆرسەتكەن بولساقمۇ، لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ئەسىردە مىلادى VII ئەسىردە ئورخۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ تاشلار دېگەندەك تۈرك يېزىقى بولغان بولسا، بۇ چوقۇم دۇنيادىكى تۈركشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىز ھازىرغىچە تۈركشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىش ھەققىدىكى ئىنكاسىنى ئاڭلىمىدۇق. بۇ ئۇ پاكىتتا چوڭ مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھۇن تەگرىقۇتلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يازغان مەكتۇپلىرىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىلا بار، ھۇنلارنىڭ زادى يېزىقى بارمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە ھۇن تارىخى تەتقىقاتچىلىرى تېخى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن مەسىلە(29). ھۇنلار ئاساسلىقى تۈركىي تىللىق مىللەت بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك مەنبەداش ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. چۈنكى ئەينى چاغدا ھۇنلاردىن باشقا دىڭلىڭ، ئۇجيې (ئوغۇز)، كەنكون (قىرغىز) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەرمۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىدى: ئاپتور دىڭلىڭ، ئۇجيېلارنى شەرقىي ئۇيغۇرلار دەپ ھېسابلىغان ئىكەن، دىڭلىڭلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۇنلارنى يەنە نېمە دېيىش كېرەك؟

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يۈگۈ مىللىتى (يەنى سېرىق ئۇيغۇرلار) نىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ ۋېنگىرىيىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، بۇمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ھۇنلار غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغان. سەپەر ئۈستىدە ھەر قايسى جايلاردىكى مىللەتلەر (جۈملىدىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر) بىلەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن، بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان بولغاچقا، ھازىرقى ۋېنگىرىيە مۇزىكا ئاھاڭلىرىدا موڭغۇل يايلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. يۈگۈ مىللىتىنىڭ بىر قىسمى موڭغۇل يايلىقىدىكى بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگىرىيىنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىشى قانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ ئارقىلىق ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك مەنبەداش دەپ ياكى ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇلچەر دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاش

رەسىملىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قىيا تاش رەسىملىرى ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. مۇلاھىزەردىكى قىياتاش رەسىملىرىنى قايسى مىللەت ئويغان، ئۇنىڭ بىلەن موڭغۇلىيىدىكى، ئالتايدىكى تام رەسىملىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ دېگەن بىر قاتار مەسىلىلەر تېخىچە ئايدىڭلاشمىدى. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بولسا بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئارقىلىق «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە دالالىرى، سېلىنغا، ئورخۇن، قورۇلۇن ۋادىلىرى، ئوردۇس يايلاقلىرى، چوغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەر (تۇرالار، ھۇنلار، ساكلار، تۈركلەر) بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن بىر» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان [30]. ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) دىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قىياتاش رەسىملىرىدىكى بۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنى بىر ئىرىق ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت دەپ مۇقىملاشتۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولمامدۇ؟

قىسقىسى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دېگەن ھۆكۈملىرى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. لېكىن ھۇنلار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەمدە مىلادى I ئەسىردە شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچۈشتە بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىن ئۆتكەندە، «200 مىڭدىن كۆپرەك» قېرى - ئاجىز كىشى قېپقالغان، V ئەسىردە ئۇلار بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدا «ياپبان» ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات يوق [31]. بەزى ئالىملار ياپبانلارنى ئېفتالىتلار يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ [32]. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۈگۈنكى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا قېپقالغان ھۇنلار يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە ياشىغان ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرگە تەدرىجىي قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ يەرلىك خەلقلەر كېيىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاسىتىلىك، 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېتنىك مەنبەسى.

## 2. ساكلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك مەنبەداشمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مىلادىدىن 1 ـ 2 مىڭ يىل بۇرۇن (تەخمىنەن برونزا قورال دەۋرى) كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ساكلار (ياكى سىكىتىيانلار، سىنايلار، سىكىتلار، ساكلار) دەپ ئاتالغان مىللەتنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئالايلۇق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پىرسىيىدىكى ئاخېمېند سۇلالىسىنىڭ خانى دارا I ئويدۇرغان مەشھۇر «بېھىستۇن ئابىدىسى» دە، ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان ㉝). يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىمۇ ساكلارنىڭ نۇرغۇن قەبرىلىرى قېزىلىپ، كىشىلەرنى ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خېلى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ساكلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغىمۇ تارقالغان. ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خەنزۇچە تارىخ كىتابلار (ئالايلۇق، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «جاڭ چيەن، لى گۇاڭلى تەرجىمىھالى» قاتارلىقلار) غا ۋە تىيانشاننىڭ ئالغۇي جىلغىسى، ئىلىدىكى موڭغۇلكۈرە، نىلقىدىكى ئۇراساي قەدىمكى مىس كان ئىزى، تاجىكلارنىڭ شاناباي قەبرىستانلىقى، لوپنور رايونى قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن، يۇقىرىقى جايلاردىكى خارابە ئىزلىرى بار جايلارنى قەدىمكى زاماندا ساكلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار دەپ ھېسابلىدى ㉞.

ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ساكلارنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە ئىرقى توغرىسىدا خېلى بىردەك يەكۈنگە، يەنى ساكلار ھىندى ياۋروپا تىلى سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ دېگەن يەكۈنگە كەلدى. ھالبۇكى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بولسا، ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ساكلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئېتنىك مەنبەداش دەپ كېسىپ ئېيتقان. ئۇنىڭ مۇھىم ئاساسى «ئىران ۋە تۈرك رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلغان ئافراسىياپ مىلادىدىن VII ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرى»، ئۇ ساكلارنىڭ مەشھۇر قاغانى، دېگەندىن ئىبارەت ㉟. ئافراسىياپ ئىران رىۋايەتلىرىدىكى شەخس بولۇپ، ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا ۋە پارس شائىرى فىردەۋسى يازغان «شاھنامە» دە ئافراسىياپ ھەققىدە

خاتىرە قالدۇرۇلغان. «ئاۋېستا» دا ئافراسىياپنى ئىران رىۋايەتلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ھۇشەڭنىڭ (؟) 3 - ئەۋلادى فرىدۇننىڭ 2 - ئوغلى تۇرانىڭ قوۋمىدىن تۇغۇلغان دەيدۇ. تۇرالار كېيىن تۇرانىلار دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئەجدادلىرى. تۇرالار ئىسيان كۆتۈرگەچكە ئىرانلىقلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئۇلارغا ئاداۋەت ساقلاپ، ئۇلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلغان. كېيىن ئافراسىياپ (تۇرالارنىڭ ئەۋلادى) بارلىق تۇرانلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئەجدادلىرى تۇرالار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كېلىپ چىققان ئىرانلىقلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى تۈرك قوۋملىرىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى خاراكتېرلىك رىۋايەتلىرىدىكى شەخس- ئافراسىياپنىڭ ھەقىقىي تارىخىي مەنبەسى بولغان «ئاۋېستا» تۈرك قوۋملىرىنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك قايتا ئىجادىيەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن؛ بۇ جەريان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى قوۋملارنىڭ VI ئەسىردىن كېيىنكى تەدرىجىي تۈركلىشىش جەريانى بىلەن بىردەك، خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك: «ئەفراسىياپنىڭ قەدىمكى ئىران ئەپسانىلىرى ۋە داستانلىرىدىكى سەلبىي شەخستىن تۈركلەرنىڭ داستانىدا مەدھىيىلىنىدىغان قەھرىمان شەخسكە ئۆزگىرىشى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى ئىرانلىقلار (كېيىنرەك تۈركلەر) نىڭ قەبىلىلىرىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئىران تېرىقچىلىق كوممۇنالىرىغا قايتا - قايتا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىي تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى ㊱. شۇڭا مىلادى XI - XII ئەسىرلەرگە كەلگەندە، تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى يازغان ئەسەرلەردىكى قەھرىمان شەخس ئافراسىياپ تۈركلەرنىڭ ئەجدادىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چوڭقۇر قايغۇ ۋە ماتەم بىلدۈرۈلگەن. مانا بۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (بۇ كىتاب XI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا يېزىلغان) دىن نەقىل ئالغان ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى مەرسىيىنىڭ مەنبەسى.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەتتا ئىران ۋە تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان شەخس ئافراسىياپنى راستىنلا ئۆتكەن كىشى دەيدۇ ھەمدە يۇنان تارىخچىسى ھىرودوتنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخ» تا خاتىرىلەنگەن ماساگېتلار (ساكلارنىڭ بىر قىسمى) نىڭ ئىراندىكى ئەھمانىسلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كەيكاۋۇسقا قارشى تۇرغان مەشھۇر ئايال مەلىكىسى تومارىسنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋرىسى، ساكلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ماساگېتلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ۋە قېرىندىشى،

ساكلار كېيىن ئىرانلىقلارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن دەيدۇ (37). بۇلار رىۋايەتتىكى ئافراسىياپتىن ئىبارەت قەھرىمان شەخسنى خالىغانچە مۇبالىغىلەشتۈرگەنلىك ۋە خالىغانچە سىلىقلاشتۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بۇ پەقەت ئاپتورنىڭ بىز يۇقىرىدا ئېيتقان «ئوغۇزنامە» داستانىنى بۇرمىلىغان ۋە خالىغانچە مۇبالىغىلەشتۈرگەنلىك خاتالىقىنى قايتا تەكرارلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس. ئەمەلىيەتتە، ئاپتوردىن 700 يىل بۇرۇنلا پارىس تارىخچىسى جۇۋەينى «تارىخى جاھان گۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى») دا، ئەينى چاغدا بەزىلەرنىڭ ئافراسىياپنى ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ئەجدادى بۆكەخان (بۆكەخان رىۋايىتى توغرىسىدا كېيىن توختىلىمىز) ياكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىنىڭ ئەجدادى دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (38). مۇشۇنداق سىلىقلاشتۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى چىنلىقمۇ؟ روشەنكى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كېلىۋاتقان داستانلاردىكى شەخسلەرنى مەلۇم بىر كونكرېت تارىخىي شەخسكە سىلىقلاشتۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كۆپ ھاللاردا مەغلۇب بولىدۇ.

ساكلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە خەنزۇچە تارىخنامە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» 211 - جىلد تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 2 - يىلى (714 - يىلى) دىكى خاتىرىدىن نەقىل ئالغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: شەرقىي تۈرك قاغانى قاپاغان قاغان ئوغلى «توڭا تېكىن» قاتارلىقلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن، كېيىن توڭا تېكىن ئۆلتۈرۈلگەن. «تۈركلەر قوشۇنىنىڭ ھەربىي باشلىقىغا توڭا تېكىننى تېگىشمىشنى تەكلىپ قىلىغان. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ يىغلىشىپ كەتكەن.» «توڭا تېكىن» بىلەن تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان شەخس ئافراسىياپ (ئاپتور ئۇنى ئالىپ ئەر توڭا دەپ ھېسابلايدۇ) نىڭ ئىسمى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن: «تۈركلەر شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى توڭا تېكىن ئۆلگەن كۈنى ئۇنى خاتىرلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان بولغان. بۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى ئالىپ ئەرتوڭانىڭ نامى قويۇلغان توڭا تېكىننى خاتىرلەش ئارقىلىق، ئالىپ ئەرتوڭانى خاتىرلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ» (39). بۇ ئاپتور زورمۇزور تىقىپ چىققان سۆز بولۇپ، ھېچقانداق تارىخ مەنبەلىرىدە ياكى رىۋايەتلەردە تۈركلەرنىڭ ھەر يىلى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ توڭا تېكىننى خاتىرلەي

دىغانلىقى تېخى ئېنىقلانمىغان، ئۇنى ئاپتور ئويدۇرۇپ چىققان.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەنە ساكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ھۇنلار بىلەن، تۈركلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەر، ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك مەنبەداش دەپ ھېسابلىغان. گرېك، رىم تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ۋە جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ساكلار، ھۇنلار ۋە تۈرك قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان مىللەتلەر، يىراق قەدىمكى زامانىدىن باشلاپلا، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى بىلەن موڭغۇل يايلىقىنىڭ ئارىلىقىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان، شۇنداقلا ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان (چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى)، ئۇلار ئېتىقاد جەھەتتە، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىقتىدارسىز ئەھۋالدا كۈنگە، ئايغا، تاغ - دەريالارغا چوقۇنغان، پىر دىگەنگە ئىشەنگەن، دۈشمەننىڭ كېسىلگەن كاللىسىنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان شاراپ قاچىسىنى تەۋەررۈك قىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈندە ئالىملار «ئىپتىدائىي شامان دىنى» دەپ ئاتىغان دىننىڭ ئەقىدىلىرىدۇر. ھۇنلار، ساكلار ۋە تۈرك قوۋملىرىلا ئەمەس، موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى سىيانپى، ئۇغان، جۇرجان قاتارلىق قوۋملارمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان. ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش، تېرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش، گۆشنى ئوزۇق قىلىش، ئاتىسى ئۆلسە ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇن قىلىش، ئاكىسى ئۆلسە خوتۇنىنى ئېلىش قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ئادەتتە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى سىيانپىلارنىڭ، جۇرجانلارنىڭ ۋە خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىدىكى چياڭلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ شۇنداق بولغان. شۇڭا دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت ئارقىلىق، ساكلار ھۇنلار بىلەن، تۈركلەر بىلەن ئېتنىك مەنبەداش ئىكەنلىكىنى، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش نۇقتىئىنەزەرىدىن كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى تەس.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەتتا يەنە «ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ئويرات قەبىلىلىرى موڭغۇللىيىدە ياشىغان چاغلىرىدا موڭغۇللىشىپ كەتكەنىدەك، ساكلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئىرانلىشىپ كەتكەن» دېگەن. ئاپتور بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى بولغان ئويرات قەبىلىسى (غەربىي موڭغۇللار) نى ئەسلىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگىنىدە، ئاپتور ئېھتىمال پارس تارىخ

چىسى راشىدىدىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «جەمئۇلتاۋارىخ» تا موغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى «ھازىر موغۇللارنىڭ تۈرك قەبىلىسى دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغانمۇ دەيلى (40)، ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى، راشىدى ئېيتقان «تۈرك» سۆزى «ھەرگىزمۇ مىللەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان سۆز ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت سۆزى بولۇپ، (كۆچمەن چارۋىچىلار) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ شۇڭا راشىدىدىنىڭ سۆزىنى مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئاساس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ» (41). جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، پاكىت دەل ئاپتورنىڭ قارىشىنىڭ ئەكسىچە، يەنى ساكلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن ئىرانلىشىپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى ئەسلىدە شەرقىي ئىران قوۋمى بولغان ساكلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركلىشىپ كەتكەن.

تەبىئىيكى، ھۇنلارغا ئوخشاشلا، 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئىچىدە ساكلار بولۇشى مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن (ياكى بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقانلار) قەدىمكى ساكلارنىڭ بىر قىسمى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئاخىرى يەنە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ساكلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاسىتىلىك، 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

## 3. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئېتنىك مەنبە مەسىلىسى توغرىسىدىكى خاتالىقلىرىنىڭ تۈگۈنى ۋە مەنبەسى

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىككى مۇھىم مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، بىز ھۇنلار، ساكلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان چەك ـ چېگرىسىنى ئاساسەن ئايرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق. «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى تۈركىي تىللىق مىللەت بولمىغان ياكى ئېتنىك تەۋەلىكى مۇقىملاشمىغان قەدىمكى مىللەتلەر ـ ھۇنلار بىلەن ساكلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دەپلا قالماي، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دەۋالغان. شۇڭا ئاپتور كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى دەپ،

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن باشلانغان دەپ ھېسابلانغان، مانا بۇ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى خاتالىقىنىڭ تۈگۈنى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار پەقەت قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ مەنىدىكى) دا ياشىغان تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىن يەنە باشقا مىللەتلەر (ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر) گە قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى چەكسىز كېڭەيتىۋېتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ياكى كېيىن تۈركلەشكەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ياكى ئۇلار ئېتنىك مەنبەداش دەپ قاراش ئىلمىي بولمىغان قاراشتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەت، قەبىلىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىن ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە تارقالغان، 80 مىليون ئاھالىگە ئىگە تەخمىنەن 30 نەچچە تۈركىي تىللىق مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن (43). ئۇيغۇرلار بولسا پەقەت ئەشۇ 30 نەچچە مىللەتنىڭ بىرى. ئەجەبا بۇ 30 نەچچە تۈركىي تىللىق مىللەتنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققانمۇ، ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بىرمىدۇ؟ روشەنكى، بۇ بىمەنىلىكتۇر.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يۇقىرىقى خاتا نۇقتىئىنەزىرىنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى بار. مىلادىيە X–XIV ئەسىرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر كۆچۈپ ۋە كۆچمەي، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەزى ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيا (جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقى) دىكى تۈركىي تىللىق بولمىغان بەزى قوۋملارمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۈركلىشىش، ئاسسىمىلياتسىيىلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، پارس يېزىقىدا يېزىلغان بەزى نادىر ئەسەرلەر، ئالايلۇق، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ھۇدۇدۇلئالەم»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تارىخى جاھان گۇشاي»، «جەمئۇلتاۋارىخ» قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە ئەدەبىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگو تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تارىخىدا قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ كىتابلاردا يەنىلا يېتەرسىز مەزمۇنلار بار. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «جەمئۇلتاۋا-

رىخ» دېگەن كىتابىدا، ئىسلام دىنىنىڭ روھى ئارقىلىق پىرۇتېكىزىل ئىنتېرناتسىيونالىزمىنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، «تۈرك» دېگەننىڭ مەنىسى توغرىسىدا موڭغۇل تىلى ئاتالغۇسىغا، خەنزۇ ـ تىبەت تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بەزى مىللەتلەرنى تۈركلەر قاتارىغا قوشۇۋەتكەن ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ن. پ. پېتروۋسكى «راشىددى ۋە ئۇنىڭ تارىخ ئەسىرى» دېگەن ماقالىسىدە ئېيتقاندەك، «راشىددىنىڭ ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى مۇجمەل سۆزلىرى چەت ئەللەردىكى ئىرقچى ساختا ئالىملار تەرىپىدىن بىر يۇرۇش چوڭ دۆلەت قۇرۇشتا پايدىلىنىدىغان پانتۈركىزملىق نەزەرىيە بولۇپ قالغان» (44). ھازىر نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ پۈتكۈل خاھىشى ۋە ئۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ مەنبەسىنىمۇ چۈشىنىش تەس ئەمەس. بۇ كىتابتا ئىپادىلەنگەن بۆلگۈنچىلىك خاھىشىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، مېنىڭچە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياخشى بىلىدۇ ۋە بۇ خىل قاراشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بىزنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى خاتالىقنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىمىز ھەرگىزمۇ مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەت — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىمىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تارىختا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە قوشقان تۆھپىلىرىنى كىچىكلىتىش نىيىتىمىزمۇ يوق. كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزدە ھەر بىر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخى ئوخشىمايدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئىمكانىقەدەر تېخىمۇ يىراق ۋاقىتقا سۈرۈشنى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا قوشۇۋېتىشنى خىيال قىلىدىغان بۇنداق سۇبيېكتىپ ئارزۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما تارىخىي چىنلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئۇنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسىغىلى بولمايدۇ، تارىخنى بۇرمىلاش ۋە ئويدۇرۇپ چىقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەلۇم سىياسىي مەقسەتكە يېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش لازىم.

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبە مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، مىللەت (كەڭ مەنىدىكى مىللەت) بىر تارىخىي كاتېگورىيە، مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دېگەندە، بىر مىللەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇن قايسىبىر ياكى بىر نەچچە مىللەت، قەبىلە ياكى ئۇرۇق بۆلۈنگەندىن كېيىن شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بىر ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ يىلتىزىنى چەكسىز ھالدا سوزۇشتۇرۇۋېرىش ھاجەت ئەمەس، ناۋادا ئەنە شۇنداق سوزۇشتۇرۇۋېرىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى چوقۇم بىر ئورتاق ئەجدادقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقىي ئادەمگە ئۆزگەرگەن مايمۇنسىمان ئادەمدۇر. بۇنداق قىلىش قىلچە ئەھمىيەتسىز، ھالبۇكى، بىر مىللەت (بولۇپمۇ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى) قەدىمكى زاماندىلا بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن، ئۆزىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى بار. ناۋادا بۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ ئاساسىي قىسمى ياكى ھەممىسى ئاخىرى يەنە بەزى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ تارىخىمۇ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زاماندىكى بۇ مىللەتنىڭ قەدىمكى تارىخى بولۇپ قالىدۇ (بۇ خىل ئەھۋال مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان مىللەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ). ئەگەر بۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا يەنە بىر يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ تارىخى بۇ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتىنىڭ تارىخى قىلىنماسلىقى كېرەك. ئۇنى پەقەت ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى دەپ قاراش لازىم (بۇ خىل ئەھۋال كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە دائىم كۆرۈلىدۇ). يېقىنقى زاماندا ئالىملار مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلغاندا، دائىم دېگۈدەك بۇ مىللەت ياشىغان رايوندىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى ماتېرىياللارنىڭ دەۋرىگە، يەنى كونا، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئاساسەن، شۇ مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. بۇ ئىزچىل تۈردە شۇ رايوندا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان مىللەتنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن كېيىن يەنە شۇ مىللەتنى ئاساس قىلىپ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن مىللەتنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە تەبىئىي باغلىنىشى بار ۋە بىردەكلىككە ئىگە. ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا، چۆللۈكتىن شىنجاڭ رايونىدا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى بەك كۆپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز

ئارا قوشۇلۇپ كېتىشى تولىمۇ مۇرەككەپ بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ «ھېچقايسىسى ھەر قانداق بىر قەدىمكى مىللەتتىن بىۋاسىتە كېلىپ چىققان ئەمەس، ئەكسىچە، مەيلى قەدىمكى زاماندا شۇ جايدا ياشىغان مىللەت بولسۇن، ياكى چەتتىن كەلگەن مىللەت بولسۇن، ئومۇمەن ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە مەركىزىي ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەزاسىغا، بەزىدە مەركىزىي ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزاسىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، قىسمەنلىرى مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىرتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن» (بۇ نەقىل س. پ. تورستوۋنىڭ سۆزى). شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كونا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى يەرلىك خەلقلىرىدىن يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئىزدەش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش.

ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەتقىقات خىزمىتى بولۇپ، ئۇ تارىخىي يازما يادىكارلىقلاردىن باشقا، يەنە تىلشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. لېكىن تىل، ئىرق، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ۋە ئېتنوگرافىيە قاتارلىقلار مەلۇم بىر جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى ئېتنىك مەنبەنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر، ھەل قىلغۇچ ئۆلچىمى قىلىشقا بولمايدۇ. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىر مىللەت ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىمۇ بىر بولۇشى ناتايىن؛ بىر ئىرقتىكىلەر تەرەققىي قىلىپ بىر نەچچە مىللەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىمۇ بىر بولۇشى ناتايىن. شۇڭا مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرگەندە، ئىرق بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن مىللەت، مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەم يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەم ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەنىگە ئىگە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ ئېنىقلاش زۆرۈر. ئۇنداق قىلىنمىسا، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى تويۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئالىمۇرۇن خېلى بىردەك قاراشقا، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئىككى: بىرى — جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن خۇيخې (خۇيگۇ) لار، يەنە بىرى — مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان

يەرلىك مەملىكەتلەر (ياكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان مەملىكەتلەر) دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن قاراشقا كەلگەن، چۈنكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. يېقىنقى زامان، ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئىككى ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا تەدرىجىي قوشۇلۇشى، بىلەن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجدادى بۆكەخان توغرىسىدىكى رىۋايىتىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئەجدادى موڭغۇل يايلىقىدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن. بۆكەخان رىۋايىتى تۈركچە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاي» ناملىق كىتابىدا، راشىدىننىڭ «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق كىتابىدا، «قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا، «قوچودىكى كىيۇچە مەتىنىنىڭ نەسەبنامىسى» قاتارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن(45). بۇ رىۋايەتتىكى بايان بىلەن ۋېيخې (ئۇيغۇر) لارنىڭ ئەسلى ماكانى ھەققىدىكى مەلۇماتنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادى بولغۇنىكى موڭغۇل يايلىقىدىكى سېلىنگا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان ۋېيخېلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۆكەخان رىۋايىتىدىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنى زادىلا تىلغا ئالمىغان.

يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مۇنداق قارايدۇ: خۇيخېلار (ئۇيغۇرلار) دىڭلىڭلار، تېلېلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى دەپ ھېسابلاش كېرەك. خۇيخېلار ئەسلىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى. شۇڭا ئىگىز ھارۋىلىقلار، تېلېلار تارماق ئەمەس، بەلكى مەنبە، پەقەت كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە، خۇيخېلار ئاندىن ئاستا-ئاستا قۇدرەت تېپىپ تېلېلارنىڭ بۆكە، توڭرا، بايىرقۇ، بىسىقۇلۇ (ئاۋۇزلۇ) قاتارلىق قەبىلىلىرى بىلەن قەبىلە ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىلادى 744-يىلىغا كەلگەندە، خۇيخېلار باشچىلىقىدىكى قەبىلەر ئىتتىپاقى موڭغۇل يايلىقىدا خۇيخې (ئۇيغۇر) خانلىقىنى قۇرغان. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، خۇيخېلارنىڭ ئىچكى قىسمى ئاساسەن مۇقىملىشىپ، «ئىچكى توققۇز ئورۇق»، «تاشقى توققۇز ئورۇق»، «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز ئۇيغۇر» (خۇيخۇ) دەپ ئاتالغان(46) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ

شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن دۆلەت بىلەن مىللەت بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىسى دۆلەت ئۇقۇمىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر (خۇيخې) لاردىن باشقا، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ قەبىلىلىرىمۇ بولغان. كېيىنكىسى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار) نى ئاساس قىلىپ، باشقا تىلى قەبىلىلەرنى تەدرىجىي قوشۇۋېلىپ شەكىللەنگەن بىر مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. خۇيخې (ئۇيغۇر) لار تېلېلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ئەمەس، پەقەت بىر قىسمىنىلا ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

قەدىمكى خۇيخېلار ھەرگىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى. مىلادى 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۆلۈنۈپ غەربكە ياكى جەنۇبقا كۆچكەن، بەزىلىرى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بىر قىسمى گەنسۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ، يېقىنقى زامان، ھازىرقى زاماندا يۇگۇ مىللىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان؛ يەنە بەزىلىرى بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ، كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن قەدىمكى خۇيخېلارنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى كېيىن ئۇيغۇر بولۇپ شەكىللەنمىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مانا بۇ، قەدىمكى خۇيخېلارنى كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 2 ـ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەر. بۇ يەرلىك مىللەتلەر ھەرگىز «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا ئېيتقاندەك، قانداقتۇر غەربىي تۇرالار (غەربىي ئۇيغۇرلار) ئەمەس. نۆۋەتتە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇن ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى ئەشۇ ئىنسانلارغا تەئەللۇق؛ ۋەھالەنكى، قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىكى ماتېرىياللار بولمىغاچقا، ھازىرچە تېخى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قايسى ئىرققا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن شىنجاڭدىن مىلادىيىدىن 2 ـ 3مىڭ يىل بۇرۇنقى برونزا قورال بىلەن تاش قورالنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىگە، برونزا قورال دەۋرىگە ئائىت بەزى قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى

تېپىلدى. ئېلىمىز ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ بۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى تەتقىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئېيتىمدائىي ھالەتتىكى ياۋروپا ئىرقىدىكى لوپنۇر رايونىغا تارقالغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى روراننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى يۇزى ئۇزۇنچاق بولغان ھىندى - ئاۋغان تىپىدىكىلەر بولۇپ، پامىردىكى قەدىمكى ساكلارنىڭ ئىرقىغا ئوخشايدىكەن. مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئىلى دەرياسى بويلىرىدا ئاساسەن ئۇيسۇنلار بىلەن ساكلار ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر - پەرغانە تىپىغا كىرىدىكەن ㊼. ئەينى چاغدا شىنجاڭ (غەربىي يۇرت) دىكى «36 بەگلىك» تىكى كىشىلەرنىڭ ئىرقى ۋە ئۇلاردىكى مىللەتلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە، دىلار، چياڭلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، ھۇنلار، خەنزۇلار، ئېگىز ھارۋىلىقلار، سوغدىلار، خۇيخېلار قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، خۇيخېلار (ئۇيغۇرلار) غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتلەر تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنى نۆۋەتتە شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى زاماندا شىنجاڭدا (بولۇپمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا) قوللىنىلغان قەدىمكى يېزىقلار (ئالايلۇق، قارۇشتى يېزىقى، ئۇدۇن ساك تىلى، سانسكرىت يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، توخار تىلىنىڭ AB شەكلى قاتارلىقلار) بىلەن يېزىلغان خەت - چەك، يەر خېتى، كىلاسسىك ئەسەر (دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى كېيىن غەربكە كۆچكەن خۇيخې (ئۇيغۇر) لارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ئاخىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تاپقان ئىكەنمىز، ئۇنداقتا يېقىنقى دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى ۋە يۇرتى توغرىسىدىمۇ بىر قەدەر ئېنىق جاۋاب بېرەلەيمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى (بۈگۈنكى ماكانى) نىڭ بىرى موڭغۇل يايلىقىدا، يەنە بىرى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى بولغان.

مىلادى 7- ئەسىردە موڭغۇل يايلىقىدا ياشىغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ بىر قەبىلىسى «يۈەنخې» (ئۇيغۇرلار) نىڭ نامى

تارىخنامىلەرگە ئەڭ دەسلەپتە خاتىرىلەنگەن .

ئىزاھلار:

① چېن چاۋ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 – يىللىق 4 – سانىغا بېسىلغان).

② «ئۇيغۇر» دېگەن كىتابنىڭ 1 – 2 – بابلىرى، 1 – 88 – بەت.

③ كىتابنىڭ 8 – 10 – بەتلىرىگە قاراڭ.

④ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئەترىتى يازغان «شىنجاڭنىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتاب. ئىلىم – پەن نەشرىياتىنىڭ 1978 – يىل نەشرى، 235 – 236 – بەت.

⑤ O K كائىن يازغان «ھىندىستاننىڭ يازما تارىخ بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تارىخى ۋە ئىپتىدائىي تارىخى» دېگەن كىتاب. 1979 – يىل يېڭى دېھلى نەشرى، 125 – بەت. سۈي ليەنجۇڭ تۈزگەن «دۇنيا تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ قەدىمكى زامان قىسمى، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 – يىل نەشرى، 153 – بەتكە قاراڭ.

⑥ خەن كاڭشىن «شىنجاڭدىكى كۆنچى دەريا جىلغىسىنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئادەم سۆڭىكى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1986 – يىللىق 3 – سانىغا بېسىلغان.

⑦ ۋاڭ بىڭخۇا «شىنجاڭ رايونىنىڭ برونزا قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەھلىل» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 – يىللىق خەنزۇچە 5 – سانىغا بېسىلغان.

⑧ مۇشۇ نىمىڭ قاتارلىقلار يازغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئاساسلىق نەتىجىلىرى» گە قاراڭ. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 – يىلى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ش. خ. ن. 1983 – يىل نەشرى، «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتىنىڭ 1985 – يىل نەشرى.

⑨ «سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتشۇناسلىقى دائىرىسى ماقالىلەر توپلىمى» 6 – 7 – توم، 1947 – يىل موسكۋا – لېنىنگراد نەشرى، 304 – بەت. «ماقالىلەر

تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى»، 1959 - يىل ئىلىم - پەن نەشرىياتىنىڭ نەشرى، 120 - 122 - بەت.

⑩ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئۇ كىتابتا دىڭلىڭ «دىلى» دېيىلگەن.

⑪ شىياۋدې چۈەنشىيۇمېينىڭ «تېلېلار توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن، بۇ ماقالە «شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1940 - يىلى نەشر قىلىنغان 5 - توم 2 - سانىغا بېسىلغان. ماچاكشۇنىڭ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دېگەن كىتابىنىڭ 1957 - يىلى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 1 - 2 - بەتلىرىگە قارالسۇن؛ لىن گەننىڭ 1988 - يىلى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۈرك تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 9 - بېتىگە قارالسۇن.

⑫ سۇبىخەي «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىل نەشرى، 190 - 192 - بەتلەر.

⑬ جۇليەنكۈەن «ئۇلۇغ تاڭ ئوردىسىدىن غەربكە ساياھەت دېگەن كىتابتىكى تارىخىي جايلار توغرىسىدا تەتقىقات»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 1984 يىل نەشرى، 207 - 208 - بەتلەر.

⑭ شۇ كىتابنىڭ 32 - بېتى.

⑮ گاددىس يازغان، گېڭ شىڭ تەرجىمە قىلغان «رىم - لاتىن يازغۇچىلىرىنىڭ يىراق شەرق قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 87 - يىل نەشرى.

⑯ ۋ. مىنورسكىنىڭ تامىم ئىبىن ھەققىدىكى ماقالىسى، 300 — 301 - بەتلەر.

⑰ ⑱ شۇ كىتاب، 38 - 40 - بەتلەر.

⑲ لىن مېيسۇن: «قۇم دېڭىزىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىل نەشرى.

⑳ A . V گابايىن «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» خەنزۇچە نەشرى 6 - 16 - بەتلەر.

㉑ گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئوغۇزنامە» نىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ، 1980 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

㉒ گېڭ شىمىننىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرىگە قاراڭ، چىڭ سۇلو «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «شىياڭدا ئەپەندىنى خاتىرىلەش يۈز-

سىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1986 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

㉓ لى يۈك: «ئۇيغۇر ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەسى» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل).

㉔ تيەن گۇاڭجىن قاتارلىقلار يازغان «ئىچكى موڭغۇلدىكى ئاروست رايونىدىن تېپىلغان ھۇنلارنىڭ ئاسارىئەتىقىلىرى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل، 4 - سانىغا بېسىلغان.

㉕ «ئارخېئولوگىيە، ئاسار ئەتىقە» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل تۇنجى سانىغا بېسىلغان «تۇرپاننىڭ ئاستانىدىكى قۇتقۇ پانتاي قەبرىسىدىن تېپىلغان ئاسارىئەتىقىلەر» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

㉖ ۋۇئېن: «ھۇنلارغا دائىر ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىل، 4 - سان.

㉗ يې لىگجېن «جۇڭگونىڭ شىمال مىللەتلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «جۇڭگو موڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس سان ژۇرنال»غا بېسىلغان، 74-يىل كۆكخوت.

㉘ «ئۇيغۇرلار»، 107 - بەت ئىزاھىغا قاراڭ.

㉙ لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 166 - 167 - بەتلەر، 1986 - يىل، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان.

㉚ «ئۇيغۇرلار» . 85 - بەت.

㉛ «ۋېينامە»، 120 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ياپبان ئېلى»

㉜ سۇڭتيەن شۇنەن: «قەدىمكى تىيانشاننىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 216 - بەت، 1970 - يىل، زاۋداۋتيەن داشۆسى نەشر قىلغان.

㉝ ئابىددىننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «دۇنيا ئومۇمىي تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ يىراق قەدىمكى زامان قىسمىغا بېسىلغان. 189 - بەت، 1974 - يىل، سودا ئىشلىرى باسمىخانىسى.

㉞ ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمكى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئىزلىرى»، ۋاڭ مىڭجېي: «ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش »، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىل 4 - سانىغا بېسىلغان .

(35) «ئۇيغۇرلار»، 53 ـ 62 ـ بەتلەر.

(36) يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن لى يۈگىنىڭ: «ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ ئىككى مەنبەسى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(37) «ئۇيغۇرلار»، 57 ـ، 62 ـ بەت.

(38) خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخا، 62 ـ، 417 ـ بەتلەر، 1980 ـ يىل، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى نەشرى.

(39) «ئۇيغۇرلار»، 58 ـ بەت.

(40) راشىدى يازغان «جەممۇلتاۋارىخ» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 126 ـ 127 ـ بەتلەر، 1983 ـ يىل، سودا ئىشلىرى باسمىخانىسى نەشر قىلغان.

(41) يۇقىرىقى كىتاب، 92 ـ بەت، رۇسچە ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

(43) ۋېي سۈيىي: «تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى»، «جۇڭگو تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» 83 ـ يىلى جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى.

(44) راشىدى: «جەممۇلتاۋارىخ» نىڭخەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 29 ـ بەت.

(45) فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى» (1 ـ قىسىم) 1981 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 63 ـ 75 ـ بەتلەر، جېڭجۇڭ كىتابخانىسى نەشر قىلغان.

(46) «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، 98 ـ جىلد، خامىلتۇن: «توققۇز ئوغۇزلار ۋە توققۇز ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇلاھىزە» خەنزۇچە تەرجىمىسى «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ ئومۇمىي 4 ـ 5 ـ سانىغا بېسىلغان.

(47) يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خەن يۈەنشىنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: غەربىي شىمال داشۆسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

ئابلەت نۇردۇن

# يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ۋېي لياڭتاۋ

يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خانلىقلارنىڭكىگە ئوخشاشلا، مەزكۇر خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تارىخي دەۋر (1514 —— 1680 - يىللار) دە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. بۇ مەسىلىنى بايان قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، مىلادى 1600 - يىلىنى ئۆلچەملىك يىل قىلىپ بەلگىلىدۇق، چۈنكى شۇ چاغدا بۇ خانلىق تازا قۇدرەت تېپىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاساسەن مۇقىملىشىپ، ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاز بولغاچقا، كىشىلەر يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا خېلى ئېنىق، مۇقىم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. تۆۋەندە غەرب، شىمال، شەرق، جەنۇب رەت تەرتىپى بويىچە ئالدى بىلەن بۇ خانلىقنىڭ ئۆلچەملىك يىلدىكى چېگرىسىنى كۆرسىتىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## غەرب تەرىپى، پۈتكۈل پامىر، خوۋا ۋە ۋاخان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە رايونلار بىلەن قوشنا بولغان، ئالاي تېغى بۇ خانلىق بىلەن ئۆزبېك زېمىنىنىڭ پاسىلى قىلىنغان

«تارىخى رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئابابەكرى دوغلات ئەمىر ۋەلى باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ «پەرغانىدىكى ئۆزكەنت ئوش قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. ئۇ يەنە قارا تېكىن ۋە بەدەخشاننىڭ بىر مۇنچە جايلىرىنى كونترول قىلغان» (1). بۇ يەردە ئېيتىلغان بەدەخشاندىكى بىر مۇنچە جايلار —— «ئۇستۇن ھازارادىكى بەزى جايلارنى، يەنى، سېرىق چۇپان،

گۈلد، پارۋاز، يارغ،پاسار قاتارلىق جايلار» (2) نى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەكەن خانلىقىدىن بۇرۇنقى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمرى ئابابەكرىنىڭ زېمىنىنىڭ غەربىي قىسىم چېگرىسىغا دائىر ئەھۋاللاردۇر.

1511 - يىلى سەئىد مۇھەممەت دوغلات ئۆزبېك خانى شەيبانىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، پەرغانىدىكى ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى ۋە بۇ شەھەرلەرنى سەئىد سۇلتانغا تاپشۇردى. سەئىد سۇلتان يەنە ئابابەكرىنىڭ شەرق تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، پۈتكۈل پەرغانە رايونىنى كونترول قىلدى. لېكىن 1514 - يىلى ئۆزبېكلەرنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى چېگرىغا يېقىنلاشقاندا، سەئىد سۇلتان ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزلۈكىدىن پەرغانە رايونىنى تاشلاپ، قەشقەر رايونىغا كېلىپ يەكەن خانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرغانە رايونىنى ئۆزبېك ھۆكۈمرانى كونترول قىلدى. 1516 - يىلى سەئىد خان پەرغانە رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئۆزى قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، چاتىركۆل ئەتراپىدىكى ئارپا يازى دېگەن جايغا كەلگەندە، يۈرۈشنى توختىتىپ ئوۋ قىلىپ، زىياپەت ئۆتكۈزگەن، ئارقىدىن «ھازىر شارائىت ياخشى ئەمەس، كۈز پەسلىمۇ كىرىپ قالدى» (3) دەپ، يېقىن يول بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەتكەن، ئۇ گەرچە ئەتىيازدا يەنە يۈرۈش قىلىمىز دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنى 1525 - يىلغىچە كەينىگە سۈرگەن، ئۇ ئۆزبېك خانى سۈيۈنچ ئۆلگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، ئاندىن 2- قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغان، سەئىد خان يۈرۈش داۋامىدا ئۆزكەنت بىلەن مادۇنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققىچە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئۇشنى ئالالمىغان، ئۇ يەنە ئەنجاندا ئۆزبېكلەرنىڭ «100 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك» قوشۇنى توپلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزلۈكىدىن قوشۇن چېكىندۈرگەن(4). بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ پەرغانە رايونىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تېخى قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئابدۇرەشىتخان (1533 — 1560) تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، تاشقى سىياسەتنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا تاقابىل تۇرغاچقا، ئۇ تەبىئىيكى قوشۇن چىقىرىپ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلالمايتتى. ئابدۇرەھىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، ھىجرىيە 1050 - يىلى (1640 — 1641) دىن باشلاپ پەرغانە رايونىغا ئۈچ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغان: بىرىنچى قېتىمدا ئۇشنى

ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قىرغىزلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاچقا، قوشۇن چېكىنى- دۈرۈشكە مەجبۇر بولغان (6)؛ ئىككىنچى قېتىمدا ئەنجاننى ئىشغال قىلىپلا، قەشقەر- گە قايتىپ كەلگەن (7)؛ مەھمۇت جوراسنىڭ ئەگىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئاب- دۇرەھىمخاننىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يۈرۈشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئۆزبېكلەر زېمىنى بىلەن بولغان چېگرىسى ئاساسەن ئالاي تېغىنى پاسىل قىلغان، گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى پاسىلدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايى- تى تېزلا قايتىپ كەتكەن (8).

1514 - يىلى سەئىد خان ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگى- لىگەندىن كېيىن، بەدەخشاندىكى بەزى جايلارنى، يەنى خىۋادىن ۋاخانغىچە بول- غان جايلارنى «بىر نەچچە كىچىك (تەۋە) رايونغا بۆلۈپ»(9)، مىر بەگ مۇھەممەت- نى ئۇ جايلارنى ساقلاشقا، ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن بەدەخشاننىڭ ھۆكۈم- رانى مىرزاخان سېرىق چوپاننى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە مەن بۇنى ھىندىستان- دىكى بابۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قىلدىم، دەپ جار سالدى. سەئىد- خان ئۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاقىلاشقان بولسىمۇ، ئۇنۇمى چىقمىغاچقا، 1518 - يىلى قوشۇن باشلاپ بەدەخشانغا كىردى. مىرزا خان كالائى زافار دېگەن جايغا چېكىندى، يەكەن خانلىقى بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1529 - يىلى بەدەخشاندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بەرگەندە، سەئىدخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ رايونغا يەنە بىر قېتىم كىردى. ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى كالائى زافار شەھىرىگىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپ، شۇ يەردىكى ھۆكۈمران- دىن بىر قىسىم جايلارنى بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپ رەت قىلىندى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنى شەھەرنى ئىشغال قىلالماي، يەكەنگە قايتتى(10). مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» گە ئاساسلانغاندا، ھىجرىيە 1000 - يىلى ( 1591 --- 1592) مۇھەممەتخان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن 12 - ئىنىسى ئابدۇرېھىم سۇلتانغا سارىكۆل بىلەن ۋاخان رايونىنى بۆلۈپ بەرگەن (11). سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىموشكىن مۇنداق دەيدۇ، «قارىغاندا، ئاپتورىمىز (شاھ مەھمۇت جوراسنى دېمەكچى) سارىكۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى بىلەن تاغدۇمباش ۋادىسىدىكى ۋاخاننىڭ شەرقىي قىسمىنى ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ زېمىنى دەپ ھېسابلىغان بولسا كېرەك» (12). شاھ مەھمۇت جوراس مۇھەممەتخان(1952--1609) نىڭ تۆھپىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىنى «سارىكۆلدىن لالا

كان رايونىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى(13) دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلـ
غان «لالا» كانى بېرۇنىي يازغان «مەدەنشۇناسلىق» ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتـ
لارغا ئاساسلانغاندا، بەدەخشاندائىكەن(14)، شۇڭا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىـ
دۇكى، 1600 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىن دائىرىسى پۈتـ
كۈل پامىرنى ۋە پەنجى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى خىۋانى ھەمدە ھىندىقۇش تېغىـ
نىڭ شىمالىدىكى ۋاخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«تارىخى رەشىدى زەيلى» نىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى
مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئەخمەتخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1609 — 1618)
دە، يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىن دائىرىسى يەنىلا «سارىكۆلدىن
بەدەخشانغىچە بولغان جايلار» (15) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئابدۇلتىپخان ھۆكۈمـ
رانلىق قىلغان دەۋر (1619 — 1631؟) دە، ئۇ مىرزا قۇربان جوراسىنى سارىكۆل
رايونىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن(16)؛ ئابدۇرەھىمخان ھىجرىيە 1048 - يىلى
(1638 — 1639) يەكەن خانلىقىنىڭ بۈيۈك خانى بولغاندىن كېيىن، شاۋاز
جوراسىنى بۇرايوننى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن(17). تەخمىنەن ھىجرىيە 1050 - يىلى
(1640 — 1641) ئابدۇرەھىمخان ئۆزى قوشۇن باشلاپ بولۇر بىلەن بەدەخشانغا
يۈرۈش قىلغان، «ئۈچ ئايغا يېقىن داۋاملاشقان بۇ قېتىملىق يۈرۈشتە بەدەخشان
بويسۇندۇرۇلغان ھەمدە خان پايتەختكە قايتقان» (18)، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە
خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

**شەرق تەرىپى، تىيانشان تاغ تىزمىسىنى پاسىل قىلىپ، قازاقلارنىڭ،
قىرغىزلارنىڭ، ئويراتلارنىڭ زېمىنى بىلەن قوشنا بولغان.**

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1417-
1432) دىلا موغۇلىستاننىڭ بېشبالىقنى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسىم رايوننى
ئويراتلار ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇۋەيسخان «قەبىلىلىرىنى غەربكە كۆچۈرۈپ،
دۆلەت نامىنى ئىلىبالىققا ئۆزگەرتكەن» (19)، يەنى پايتەختنى ئىلىبالىققا يۆتكەپ،
شەھەر نامىنى دۆلەت نامى قىلغان. كېيىن ئەخمەتخان تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دەۋر (1487 — 1502) دە، ئۇ ئويراتلارغا كۆپ قېتىم يۈرۈش قىلىپ،
«جەڭلەردە غەلىبە قازىنىپ، رەقىبىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر
ئالغان» (20). قارىغاندا، ئۇ شەرقىي قىسىم موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋالالمىغان بولسا

كېرەك، قايتۇرۇۋالغان بولسا، مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات بۇ ئىشنى ئالاھىدە مۇبالىغە قىلىپ يازغان بولاتتى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى(21)- شاھخان 1565 - يىلى ئويراتلار بىلەن قىلغان «غازات» تا ئۆلگەن. «مەلىك سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دە، «... شاھ سۇلتان شىمالدىكى قەبىلىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، يا ئوقى تېگىپ ئۆلدى» دەپ (22) خاتىرىلەنگەن. قارىغاندا، موغۇلىستان يەنىلا ئويراتلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. 1570 - يىلى يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، تۇرپان ۋالىيسى ئاساسەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان، چالىش (قاراشەھەر)، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ جاينى باشقۇرغان، بەزىدە كۇچامۇ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگەن، ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلارنى باشقۇرغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسىم رايونى شەرقىي قىسىم چاغاتاي خانلىقىغا مەھمۇتخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1487 —— 1508) نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. كېيىن قازاقلار مۇبۇ رايونغا كىرىپ، سىردەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇشقان(23). XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ، قىرغىزلار تەدرىجىي موغۇلىستاننىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى سىياسىي كۈچكە ئايلانغان، كېيىن ئۇلار بۇ رايونغا كىرگەن قازاقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىنى ئاساسەن كونترول قىلغان.

يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەئىدخان بىلەن ئابدۇرېشىتخان ھەر ئىككىلىسى موغۇلىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى، ئالدى بىلەن موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان. 1517 - يىلى سەئىدخان قوشۇن چىقىرىپ موغۇلىستاندىكى قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغان، بۇ قوشۇن قىرغىزلارنىڭ سەردارى مۇھەممەتنى ئەسىرگە ئېلىپ، قايتقان(24). 1522 - يىلى يەكەن خانلىقى زېمىن ئىگىلەش مەقسىتىدە يۈرۈش باشلىغان، سەئىد خان ئابدۇرېشىت سۇلتاننى قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇ ھەربىي جەھەتتە بەزى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن «قىرغىزلارنى تىنجىتالمىغان(25). قىرغىزلار ئۆزبېكىستاندىكى قازاق خانى تاشىرنىڭ ھۇزۇرىغا قېچىپ بارغان، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1525 - يىلى قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا قىسىم موغۇلىستانغا كىرگەن، ئابدۇرېشىت سۇلتان ئاتېبېشى دېگەن جايغا چېكىنگەن. سەئىدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قوشۇندىكىلەرنىڭ روھىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تېز يېتىپ

بارغان. 1526 - يىلى قىپچاق يايلىقىدا مانگىتلار باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، قازاقلاردىن «200 مىڭ كىشى تىرىكچىلىك قىلىشقا چارىسىز قېلىپ» (26)، موغۇلىستانغا كېلىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇزاققىچە ئولتۇراقلاشماقچى بولغان. سەئىدخان «ئادىمى كۆپ ئۆزبېكلەرگە (قازاقلارغا - نەقىل ئالغۇچىنىڭ ئىزاھى) تاقابىل تۇرۇشقا مادارى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە» (27)، «ئابدۇرىشىت سۇلتان ۋە موغۇلىستاندىكى بارلىق موغۇللارنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتقان». شۇنداق قىلىپ، سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى بەش يىلدىن كېيىن ئاياغلاشقان.

ئابدۇرىشىتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشىپ، موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا بارلىق كۈچى بىلەن تاقابىل تۇردى. 1537 - يىلى ئابدۇرىشىتخان بىلەن ئۆزبېك شەيبانى خانلىقىنىڭ خانى ئەبەيدۇللانىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا قازاقلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلدى (28). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەكەن خانلىقى موغۇلىستاننى يەنە تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى، ئابدۇرىشىتخان «موغۇلىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن» (29)، چوڭ ئوغلى ئابدۇلتىپ سۇلتاننى ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، «خەفت ئىقلىم» دە خاتىرىلىنىشىچە، «ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن موغۇلىستانغا بېرىپ بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كۆپ قېتىم جەڭ قىلىپ، ھامان غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى ئۆلتۈرۈلگەن (30)». ئابدۇرىشىتخان تەخمىنەن 1556 - يىلى ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم قوشۇن چىقىرىپ رەقىبلىرىنى ئىمىل دەرياسى بويلىرىغىچە قوغلاپ بېرىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن (31)، تارىخىي كىتابلاردا، ئۇنىڭ موغۇلىستاندا قوشۇن قالدۇرغانلىقى ياكى رەقىبلىرىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەت سۇلتان قەشقەرگە ۋالىي بولغان چاغدا چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى بويىدىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان (32)، ئۇلار ھەربىي يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، يۈرۈش قىلغان جايلىرىنى ئىشغال قىلمىغان. شۇڭا شاھ مەھمۇت جوراس مۇھەممەتخاننىڭ ۋە ئەخمەتخاننىڭ زېمىن دائىرىسى ئۈستىدە توختالغاندا، موغۇلىستاننى تىلغا ئالمىغان، ئۇلارنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زېمىنلىرى: قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇلدىن (33) ئىبارەت تىيان-

شاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئىدى. ھىجىرىيە 1000 - يىلى (1591 — 1592) دىن كېيىن ئۇزاققىچە موغۇلىستان توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يەكەن خانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زېمىن دائىرىسى ئاساسەن تىيانشان تاغ تىزمىسىنى پاسىل قىلغان، پەقەت سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان دەۋرلىرىدىلا ئىككى قېتىم تىيانشاندىن ئۆتۈپ موغۇلىستاننى كونترول قىلغان، لېكىن كونترول قىلغان ۋاقىت خېلى قىسقا، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئاتالمىش «موغۇلىستان» نىڭ كەڭ زېمىنلىرىنى ئاساسەن ئويراتلار، قىرغىزلار ۋە قازاقلار ئىلكىدە تۇتقان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئويراتلار تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلارنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە 1680 - يىلى يەكەن خانلىقىنى قوشۇۋالغان، ئۇلار قۇرغان خانلىق تارىختا جۇڭغار خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

**شەرقىي تەرىپى، جىيايۈگۈەنگىچە بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى زېمىنىغا تۇتاشقان (34).**

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئويراتلار غەربكە يۈرۈش قىلغاچقا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قۇمۇل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تالىشىدىغان مۇھىم ئوبيېكتقا ئايلانغان. 1472 - يىلى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان ئەلى قۇمۇلنى ئىشغال قىلغان، ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى مىڭ سۇلالىسىنىڭ خەندۇڭ، چىجىن دېگەن ئىككى جايىغىچە ئىلگىرىلەپ بارغان. قۇمۇلنىڭ ئوكقۇل تۇتۇقبېگى خەن شېن قوۋمىنى باشلاپ كۇاجۇنىڭ شەرقىگە چېكىنگەن. 1482-يىلى خەن شېن قوۋمىنى باشلاپ خەندۇڭ، چىجىن ئىككى جاينىڭ قوللىشىدا قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ، سەككىز شەھەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلغان (35).

1487 - يىلى ئەخمەتخان تۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شەرققە ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، 1488 - يىلى قۇمۇلنىڭ سادىق ئىتائەتمەن خانى خەن شېننى ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ شەھىرىنى تارتىۋالغان. مىڭ سۇلالىسى تارتۇق قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالىغان؛ 1491 - يىلى ئەخمەتخان قۇمۇلنى قايتۇرغان، مىڭ سۇلالىسى شانبانى سادىق ئىتائەتمەن خان قىلغان.

1493 - يىلىدىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى بىر مەھەل قۇمۇل رايونىنى تالاشتى. قۇمۇل قولدىن كەتسە سۇجۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپلا قالماي، خېشى كارىدورى ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايتتى. شۇڭا مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا بولغان كونتروللۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى، 1499 - يىلى مىڭ سۇلالىسى يەنە شانبانى ۋە «ئۇنىڭ قوۋمىدىن 2 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى» قۇمۇلغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇلارغا «ساپان، ئۇرۇق، گەزلىمە، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق بەردى» (36). 1505 - يىلى شانبائۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى بەييا ھ سادا قەتلىك ئىتائەت تەمەن خان بولۇپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋە نامىدىن، بۇ «گۆدەك» (37) موڭغۇل بەگزادىنىڭ ئىسلاملىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزى بىلەن بىردىنلىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ چاغدا تۇرپان پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى مەنسۇر خاقان ئىدى. 1513 - يىلى «بەييا ھ شەھەرنى تاشلاپ يۈز ئۆرۈپ تۇرپانغا بېرىۋالدى. مەنسۇر تاجىدىن خوجىنى ئەۋەتىپ قۇمۇلنى ئىگىلىدى»، «قوشۇن ئەۋەتىپ كۈكۈ بىلەن شاجۇنى بۇلاپ - تالىدى» (38). شۇنىڭدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلاشقان ھەمدە «قوۋۇقنى تاقاپ تارتۇق قوبۇل قىلماسلىق» تەك ئىقتىسادىي جازالاش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇمۇلنى بىر مەھەل كونترول قىلىۋالدى.

مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇ، يۇڭلې يىللىرى (1368 — 1424) دا، جيايۈيگۈەننىڭ سىرتىدا ئەندىڭ، ئادۇەن، چۈيشيەن، خەندۇڭ، شاجۇ، قۇمۇل، چىجىن قاتارلىق يەتتە ياساۋۇلخانا تەسىس قىلدى.

1570 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇكېرىمخان سوپى سۇلتان، مۇھەممەت سۇلتان، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ۋە قۇرەيىش سۇلتاندىن ئىبارەت «تۆت قېرىنداشنى ئادەم باشلاپ تۇرپاننى ئىگىلەش» كە ئەۋەتكەن (39). شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى گۇمران بولدى، يەكەن خانلىقى ئۇ خانلىقىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى، يەكەن خانلىقى زېمىنىنىڭ شەرقتىكى چېگرىسى جيايۈيگۈەنگىچە يېتىپ باردى. مىڭ سۇلالىسى ئۆز ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان باش ئاغرىقى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىش، يەتتە توساقنى قايتا قۇرۇش دېگەن گەپلەرنى ئېغىزغا ئالمىدى. رېئاللىقتا يەنى جيايۈيگۈەننىڭ سىرتى

يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى دېگەن رېئاللىققا سۈكۈت قىلىپ قوۋۇقنى ئېچىپ تارتۇقنى قوبۇل قىلدى، ئىككى تەرەپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت جەھەتتە خېلى دوستانە ئۆتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى 1679 - يىلى ئويراتلارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان ئۇ جاينى ئىشغال قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى (40).

### جەنۇبىي تەرىپى، كۇئېنلۇن، ئالتۇن تاغلىرىنى پاسىل قىلىپ، تىبەت، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاشقان.

ئېگىز ۋە كەڭ كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى بىلەن ئالتۇنتاغ تىزمىسى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتە تارىم ئويمانلىقىنى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ، تارىختىن بۇيان بۇ ئىككى تاغ سىياسىي، جۇغراپىيە جەھەتتە چېگرا بولۇپ كەلگەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسىم چېگرىسىمۇ ئاساسەن مۇشۇ ئىككى تاغنى پاسىل قىلغان. «تارىخى رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، ئۇۋەيسخان (1417 — 1432) «ھەر يىلى تۇرپان، تارىم، لوپ، كاتاك قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ياۋا تۆگە ئوۋلايتتى» (41)، بۇ يۇقىرىقى جايلارنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇرۇنقىلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان لوپ، كاتاك دېگەن ئىككى جاينىڭ بىرى چەرچەن دەرياسى ۋادىسىدا، يەنە بىرى لوپنۇر ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. «جۇڭگونىڭ تارىخىي ئاتلىسى» دا ئۇ ئىككى جاينىڭ بۈگۈنكى چاقىلىق ۋە چەرچەننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا (42)، ئالتۇنتاغ ئېتىكىدىكى بوستانلىققا جايلاشقانلىقى كۆرسىتىلگەن.

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات مۇنداق دەيدۇ: «تىبەتنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدە يەكەن، خوتەن، چەرچەن، لوپ، كاتاك، سېرىق ئۇيغۇرلار (43) بار». دېمەك، XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا تىبەت بىلەن يەكەن خانلىقى (يەكەن، خوتەن)، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (چەرچەن، لوپ، كاتاك) يەنىلا كۇئېنلۇن ۋە ئالتۇنتاغنى چېگرا قىلغان. لېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ چاغدا كۆچۈپ كەتكەنىدى.

سېرىق ئۇيغۇرلار يەنى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇاڭتۇ (سېرىق باش) ئۇيغۇرلار (44) شاجۇنىڭ شەرقىدىكى، لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى، خوتەننىڭ شەرقىدىكى،

چىڭخەي كۆلىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونغا تارالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلار يەنىلا مۇشۇ رايوندا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، «ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكى مىڭ چاقىرىم، گەنسۇ بىلەن ئارىلىقى 1 مىڭ 500 چاقىرىم كېلەتتى، ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە خەندۇڭغا، غەربتە تيەنكىلىغا، شىمالدا گۇاجۇ، شاجۇلارغا تۇتىشاتتى، جەنۇبتا تىبەت (تۇبۇت) (45) بىلەن چېگرىداش ئىدى». مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خۇڭۋۇ يىللىرى (1368 — 1398) دا سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىدا ئەندىڭ، چۈيشيەن ياساۋۇلخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۇ جايلارنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. لېكىن جېڭدې يىللىرى (1506 — 1521) غا كەلگەندە، «موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك سەردارى ئىبراھىم، ئارتوسلار چىڭخەينى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، ئەندىڭ ياساۋۇلخانىسى ۋەيران قىلىنغاچقا، قوۋملىرىمۇ تارىلىپ كەتكەن» (46)؛ «چۈيشيەن دەپسەندە قىلىنغاچقا، قوۋملىرى پىتىراپ كەتكەن، چۈيشيەن ياساۋۇلخانىسىمۇ كۆمەران قىلىنغان (47)». شۇڭا يەكەن سەئىدىيە خانلىقى 1517 - يىلى قوشۇن چىقىرىپ سېرىق ئۇيغۇرلارغا «غازات ئۇرۇشى» قوزغاپ، خوتەندىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغىچە بولغان جايلاردا ئىككى ئاي ھەرىكەت قىلغان، «باشقا دىندىكىلەرگە دائىر ھېچقانداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان» (48). بۇ چاغدا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى شەرققە - خېشى كورىدورىغا كۆچۈپ، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئايلانغان. سېرىق ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولغان. 1570 - يىلى يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغان. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنىغا موڭغۇللاردىن دەسلەپتە ئىبراھىم بىلەن ئارتوس، كېيىن قەبىلە باشلىقى بورگاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ 1599 - يىلى موڭغۇللاردىن ياندا خان يەنە «ئۇنىڭ زېمىن ئىگىدارچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان» (49)، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە نەۋرىسىمۇ بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ 1637 - يىلى موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسىنىڭ خوشۇت قوۋمىنىڭ خانى قوۋمىنى باشلاپ شەرققە كۆچۈپ، چىڭخەيگە كىرىپ ئۇ يەرنى ئىگىلىگەن ۋە ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا بۇ زېمىننى ئىدارە قىلغان، 1725 - يىلىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى خوشۇتلارنى ئۆز تەۋەسىگە ئېلىپ 20 خوشۇنغا ئايرىغان، ياردەمچى ئەمىر قويۇپ، جاساق تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزغان.

## غەرب تەرىپى، قاراقۇرۇم تېغىنى پاسىل قىلىپ، تىبەتتىكى لاداق، بولۇر بىلەن تۇتاشقان.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «مىرزا ئابابەكرى بۇ قېتىم ئەخمەتخاننى يەڭگەندىن كېيىن (50)، ئەتراپقا تەجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى، دەسلەپتە تىبەتكە قوشۇن ئەۋەتتى. نەتىجىدە پارلاق غەلىبىگە ئېرىشىپ، تىبەتنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنى بويسۇندۇرۇپ، كەشمىرنىڭ چېگرىسىغا قەدەر ئىلگىرىلەپ باردى ... ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ بولۇرغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە قازاندى» (51). ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ، بۇ ئەمىر ۋەلىنىڭ تۆھپىسى، ئۇ «بولۇر بىلەن تىبەت رايونىنى كونترول قىلدى» (52). بۇ يەردە ئېيتىلغان تىبەت ئاساسلىقى ئۇسسان بىلەن لاداقنى كۆرسىتىدۇ. روسىيىلىك شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: XV ئەسىرگە كەلگەندە، بەدەخشان بىلەن كەشمىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇر بىلەن تىبەتنىڭ بارلىق زېمىنى دوغلات جەمەتىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانى ئابابەكرىنىڭ سەركەردىسى ئەمىر ۋەلى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى (53).

1514 - يىلى سەئىدخان يەكەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئابابەكرى ئۆزى ساقلاش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن قەلئەگە قېچىپ بارغان، بىراق ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى قەلئەنى تاشلاپ كەتكەن، ئادەملەر مۇتارىلىپ كەتكەن، شەھەر ئىچى ۋە مال - مۈلۈكلەر تىبەتلىك كۇپپارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى» (54). شۇڭا ئۇ بۇ يەردە تۇرالماي، قايتىپ بېرىپ سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ شۇ چاغدا لاداقتا بۇرۇنقى سىياسىي ھالەتنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەئىدخان قاراقۇرۇم تېغىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا كۆپ قېتىم «غازات» قىلغان. 1527 - يىلى ئۇ ئابدۇرەشىت سۇلتاننى «كۇپپارلار دۆلىتى» بولۇرغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئابدۇرەشىتخان قوشۇنى ئۇ يەردە بىر قىشنى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەن، ئۇ يەردە قوشۇن تۇرغۇزمىغان. 1532 - يىلى سەئىدخان شەخسەن ئۆزى تىبەتكە يۈرۈش قىلغان، مۇھەممەت ھەيدەر ئوغلى ئىسكەندەرنى قوغداش ئۈچۈن دوغلاتنى ئالدىدا ماڭغۇزغان. ئۇلار كەشمىر رايونىغا كىرگەندە، يەرلىك ھۆكۈمران سەئىدخانغا ئاتاپ قۇتبە ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭ نامىدا پۇل سوقتۇرۇشقا ھەمدە ھەر يىلى باج - خىراج تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولغان (55) يەنى ئۆزىنىڭ بېقىندىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ، يەكەن خانلىقىغا قارىغان. لېكىن بۇ ئەھۋال ناھايىتى تېز ئۆز-

گەرگەن، سەئىد خان يەكەنگە قايتمش يولىدىكى ئىگىز تاغدا كېسەل بولۇپ ئۆلـ
گەن؛ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان سۇلتان تەخت ۋارىسى بولۇپ، دوغلات
قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان. مۇھەممەت
ھەيدەر لاساغا قىلغان يۈرۈشتە مەغلۇب بولۇپ لاداققا چېكىنگەندىن كېيىن، تىبەتـ
كە يۈرۈش قىلغان بارلىق قىسىملارغا: «ھازىر تىبەتتىكى ھەربىيلەرنىڭ توقال خوتۇنـ
لىرى، تاۋابىئاتلىرى بىردەك سېتىۋېتىلدى، مەزكۇر بۇيرۇق يېتىپ بارغان كۈنى
بارلىق ئەسكەرلەر دەرھال تارقىلىپ يەكەنگە قايتسۇن» (56) دەپ بۇيرۇق چۈشۈر-
گەن. ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ بۇيرۇقى ئەمەلىيەتتە يەكەن خانلىقىنىڭ قارا قۇرۇم
تېغىنىڭ سىرتىدىكى زېمىنىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىغانلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن
تىبەتكە يۈرۈش قىلغان قىسىملار دەرھال تېزىپ كەتتى، ئەسكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن
يەكەنگە قايتتى، تىبەتتە ئاران 22 ئادەم قالدى. مۇھەممەت ھەيدەر دوغلاتمۇ
ئۇ يەردە تۇرالماي، تاغلاردىن ئۆتۈپ ھىندىستاندىكى ھۇمايۇن ئىمپېرىيىسىگە
بېقىنغان. شۇنداق قىلىپ، يەكەن خانلىقى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىدا قايتا
قوشۇن تۇرغۇزمىغان، تاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كونتروللۇقىدىن چىقىرىپ قويـ
غان. ئابدۇرېشىتخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (1533 — 1560) دە يەكەن خانلىقىنىڭ
ئاساسىي كۈچى موغۇلىستانغا قارىتىلغان. «خەفت ئىقلىم» دىكى خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا، ئابدۇرېشىتخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئابدۇللا «ئاتىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن
تىبەتكە يۈرۈش قىلغان ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن» (57). شاھ مەھمۇت جوراس
يازغان «تارىخ رەشىدى زەيلى» دىمۇ مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «ئابدۇرېشىتـ
خان ھايات چاغدا، ئۇ (ئابدۇللا سۇلتان) تىبەتلىك كۇپپارلارنىڭ قولىدا شېھىت
بولغۇچىنىڭ ئىچمەلىكىنى ئىچكەن» (58). شۇنىڭدىن كېيىن يەكەن خانلىقى توغرىسىـ
دىكى تارىخ كىتابلىرىدا تىبەت بىلەن بولۇرغا دائىر مەلۇمات ئۇزاققىچە تىلغا ئېلىنـ
مىغان. قارىغاندا، بۇ رايونلار 1600 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى زېمىن دائىرىـ
سىنىڭ سىرتىدا بولغان بولسا كېرەك. لېكىن يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، تەخمىـ
نەن ھىجرىيە 1050 ـ يىلى (1640 — 1641) (59) ئابدۇكېرىمخان قوشۇن باشلاپ
بولۇرغا يۈرۈش قىلغان. شۇ چاغدا بولۇرنىڭ ھۆكۈمرانى شاھ بابۇر ئىدى. يەكەن
خانلىقىنىڭ قوشۇنى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ئوغلىنى نۇرغۇن سوۋغات بىلەن ئابدۇـ
كېرىمخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. «خان ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، قايتىپ
كەتكەن» (60). ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ھەققىدە تارىخي
خاتىرىلەر يوق، يەكەن خانلىقى گۇمران بولغانغا قەدەر بولۇرنىڭ ئەھۋالىمۇ

تىلغا ئېلىنمىغان.

ئىزاھلار:

(1) «تارىخى رەشىدى»، ئېنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا 320 ـ بەت؛ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 341-بەت.
(2) يۇقىرىقى كىتاب، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 292 ـ بەت.
(3)(4)(10)(24)(25)(48)(55) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 327 —— 328 ـ، 293 ـ، 295 ـ، 325 ـ، 283 ـ، 284 ـ، 144 ـ، 241 ـ، 246 ـ، 242 ـ بەتلەر.
(20) (26) «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 338 ـ، 357 ـ، 365 ـ بەتلەر .
(8) ئۆزبېك خانى ئابدۇللا (1583 —— 1598) ھىجرىيە 1003 ـ يىلى (1594-1595) يەكەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتكەن، بۇ قوشۇن پايتەخت يەكەن شەھىرىگىچە ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېكىنگەن (« تارىخى رەشىدى زەيلى»).
(19)(38)(46)(47)(49) « مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»
(21) «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە «قەشقەر تارىخى» دىن نەقىل ئېلىنىپ، شاھ خان ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى مالىمانچىلىق تۇغۇلغان ، ئومۇمىي ئېتىراپ قىلىنغان خان قايتا تىكلەنمىگەن دېيىلگەن.
(22) «مىڭ شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 556 ـ جىلد.
(23) « قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى تارىخى»، 2 ـ توم، 268 ـ 270 ـ، 274 ـ 276 ـ بەتلەر، ئالما ئاتا، 1979 ـ يىل.
(27) «تارىخى رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، خەنزۇچە، 333 ـ بەت.
(34) « تارىخ ـ جۇغراپىيە»، 9 ـ سان، 1990 ـ يىل.
(35) « مىڭ شيەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 226 ـ جىلد.
(36) ماۋېنشىڭ: «گۈللەنگەن قۇمۇل خاتىرىسى».
(37) «قۇمۇل» 12 ـ جىلد.
(39) شى ماۋخۇا: «شەنشى باش ۋالىيسىنىڭ مەكتۇپلىرى»، 6 ـ جىلد.
(40) « چىڭ شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 82 ـ جىلد.

(ئىزاھلارنىڭ داۋامى 128 ـ بەتتە)

# ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا نەزەر

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەكچى ۋە يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ غەربكە توشۇلۇشى بىلەن داڭ چىقارغان «يىپەك يولى» شەرقئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سودا-ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا، دوستانە بېرىش - كېلىش ئىشلىرىدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە دۇنياۋى «ئالتۇن كۆۋرۈك» لۈك رول ئوينىغانىدى. بۇ يول جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، مىسلىسىز ئاۋاتلاشقانىدى. كارۋانلار ھاكىمىيەت مەنپەئىتى، تۈرلۈك قەبىلە خەلقلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەت - پايدا ئۈچۈن ئۇلاقلىرىغا لازىمەتلىكلەرنى ئارتىشىپ، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە بۆزچىنىڭ مۆككىسىدەك ئايىقى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. قەدىمكى ھىندى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن IV ئەسىر بۇرۇن مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن يىپەك ۋە يىپەك بۇيۇملار ھىندىستانغا كەلتۈرۈلگەن؛ قەدىمكى گرېك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئاۋۋالقى III ئەسىردە، مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەك بۇيۇملىرى يۇنانغا ئېلىپ بېرىلغان. قەدىمكى يۇنانلىقلار جۇڭگونى يىپەك ئېلى دەپ ئاتىغان. ئۇ چاغلاردا مەملىكىتىمىزدىن يۇنانغا بېرىش ئۈچۈن تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتمەي بولمايتتى ... ھىندىستانغا بېرىشتىمۇ كۆپىنچە مۇشۇ يولدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن بولسا كېرەك ①. تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى بۈيۈك كارۋان يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى ئۆتكەللىك لەڭگەرلەرنىڭ بىرى بولغانىدى. بۇ قەدىمكى ۋادىدا ياشىغان تۈرلۈك ئېتنىك تەركىبتىكى/ قەبىلە ۋە خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇ خەلقئارالىق قۇرۇقلۇق سودا لىنىيىسىنى ئېچىش، راۋانلاشتۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ھەمدە ئۇنى قوغداش ئىشلىرىغا

تۆھپە قوشقان.

ئەزەلدىنلا يېرى مۇنبەت تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ھەر مىللەت خەلقى بۇ ۋادىنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا بۇلاق، كارىز ۋە تاغ سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېگىلىكنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بىلەن جۈملىدىن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ كەڭ دائىرىدە شۇغۇللانغان. تارىخ كىتابلىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك توغرىلىق مۇھىم مەلۇماتلار بار. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قوچۇنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، دانلىق زىرائەتتىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ ۋە بۇ يەر پىلە بېقىشقىمۇ لايىق، بۇ يەردە مېۋە - چېۋە كۆپ» دەپ يېزىلغان، «بەش دەۋر تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» دە «قوچۇدا تۆگە بىلەن يەر ھەيدەپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. «شىمالىي لياڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: قوچۇدا «كىمۋەز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ غوزىكى پىلە غوزىكىغە ئوخشايدۇ، غوزەكتىن ئىنچىكە، يۇمشاق ۋە ئاق رەڭلىك يىپ تالالىرى چىقىدۇ. بۇ تالالار-

(42) «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى»، 7 - قىسىم، 88 - 89 - بەتلەر، 1982 - يىل.

(43) TR، 406 - بەت.

(44) «سۇڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، «تەۋە تايىپلار» IV.

(45) «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 90 - جىلد.

(50) بۇ ھىجرىيە 905 - يىلى (1499 — 1450) ئابابەكرى دوغلاتنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەخمەتخاننىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(53) بارتولد «ئىسلام قامۇسى» ئۈچۈن يازغان تىبەت ماددىسى، 3 - توم، 742-743 - بەتلەر.

(56) TR، 459 - بەت.

(59) «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئابدۇللاخان مىرزا ئەمىر مۇھەممەتنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان، «تارىخى رەشىدە زەيلى»، 308 - بەت.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى) تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

دىن پاختا رەخت توقۇلىدۇ. بۇنى پاختا دەپمۇ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. 981 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ بۇ ئەلگە كېلىپ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن قالدۇرغان «قۇجۇغا ئەلچىلىككە بېرىشتىن خاتىرە» سىدە قۇجۇدا «ھەر خىل زىرائەتلەر ئۆستۈرىلىدۇ، ئارپا تېرىلمايدۇ» ② دەپ يازغان. ۋاڭ يەندېنىڭ يۇقىرىقى «خاتىرە» سى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە خېلى كەڭ دائىرىدە مەلۇمات بېرىدىغان يىگانە «خاتىرە» دۇر. لېكىن ئۇنىڭ «خاتىرە» سىدە قۇجۇنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى توغرىسىدىكى بايانىدا قىسمەن يېتىشمەسلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق، يەنى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەۋرىشكىلىرى ئارقىلىق تولۇقلاپ تولۇقلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرپان ئۇيمانلىقىدىكى ئېكىنچىلىك-باغۋەنچىلىككە ئائىت كېيىنكى مەزگىللەردە يېزىلغان بەزى مۇھىم مەلۇماتلارمۇ بار. ئەنە شۇنداق مەلۇماتلارنىڭ بىرسى چىڭ يۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» سىدۇر. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «تۇرپان ئەزەلدىن يېرى مۇنبەت، مەھسۇلاتى مول رايون بولۇپ، ھەر خىل دانلىق زىرائەت زىغىر، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم يېتىشتۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ پاختىسى سۈپەتلىك بولۇپ، يىراق جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. تۇرپاننىڭ يېزىدىكى لۈكچۈننىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىق، شەھەر باغ - ۋارانلار بىلەن ئورالغان، ھەممىلا يەردە ئېرىق - ئۆستەڭ، سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ھەممە يەر بۈك-باراقسان دەرەخ بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ يەردە تېرىق، بۇغداي، كەندىر، پۇرچاق كۆپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، زاراڭزا، ياڭاق ۋە چىلان، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرمۇ كۆپ» ③.

قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارىخ مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش مىلادى I - III ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا باشلانغان بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ 1700 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ④. تۇرپان مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىغان،

پاختا ئىشلەتكەن، پاختا توقۇمىچىلىقىنى يولغا قويغان رايونلارنىڭ بىرى» ⑤. بۇ ئىختىرا XIII ئەسىرگە كەلگەندە، تەدرىجىي ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە،ئالدى بىلەن شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋېيشۇي دەرياسى ئەتراپلىرىغا تارقالغان ⑥.

شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن نىيە، تۇرپان رايونىدا مەملىكىتىمىز بويىچە كېۋەز ئەڭ بالدۇر تېرىلغان بولغاچقا، بۇ جايلاردا پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ خېلى بالدۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرونوم لۇمىڭشەن تەرىپىدىن يېزىلغان دېھقانچىلىققا دائىر يىگانە ئەسەر «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق كىتابتىمۇ «پاختا غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ» دېيىلگەن.

1959 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى مىلادى I - III ئەسىرلەرگە ئائىت قەبرىلەردىن نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇملارنى قېزىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆك، ئاق گۈللۈك چەكمەن، ماتا ئىشتان ۋە قول ياغلىق پارچىلىرى بار. ئۇ، مىلادى I - III ئەسىرلەردە شىنجاڭدا پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، بوياش ۋە گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىڭ ئىگىلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ⑦. تۇرپان رايونىدىن كۆمۈرگە ئايلانغان چىگىت تېپىلدى ⑧. تۇرپان رايونىدىكى جىن (220 — 265 - يىللار)، تاڭ (618 — 907 - يىللار) دەۋرلىرىگە ئائىت قەبرىلەردىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملار بىلەن پاختا چىققان. پاختا رەختنى ئىلىم - بېرىم قىلغان توختامنامە — ھۆججەتلەر تېپىلغان. ئاستانىدىكى III — V ئەسىرگە ئائىت قەبرىدىن ماتا ئىشتان كىيدۈرۈلگەن ھەيكەل چىققان. ئاستانىدىكى 309 - نومۇرلۇق قەبرىدىن (دەۋرى تەخمىنەن V - IV ئەسىر) يىپەك بىلەن پاختىدىن توقۇلغان گېئومېتر سىزىقلىق كىمخاب تېپىلغان. جىن - تاڭ دەۋرلىرىدە شىنجاڭ دائىرىسىدە، جۈملىدىن تۇرپان رايونىدا پاختىكارلىق، پاختا توقۇمىچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى تەرەققىي تاپقان.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىشلاردا تۇرپان رايونىدىن پاختا رەختنى ئىلىم - بېرىم قىلغان ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ توختامنامە - ھۆججەت پارچىلىرىمۇ نۇرغۇن مىقداردا تېپىلغان. بىر پارچە ھۆججەتتە 551 - يىلى بىر قېتىمدىلا 60 توپ پاختا رەخت ئارىيەت ئالغانلىقى ⑨، يەنە بىر پارچە ھۆججەتتە، (655 - يىلى يېزىلغان) ھەربىي ئەشيا سۈپىتىدە «270 يىپ تاغار» بۈگۈنكى شىمەن ئەتراپىغا تارقىتىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ⑩. تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدە بىر ئائىلە ئەتىيازلىق كىيىم - كېچەك ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 100 چى رەخت

توقىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دەۋرلىرىدە تۇرپان ۋادىسىدا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققىي تاپقان. بۇ پىكرىمىزنى تۆۋەندىكى ماتېرىياللار تېخىمۇ ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

«ئۇيغۇر تەت ـ مىلىك بىلەن قارا بۇقا ئىككىسى خوتۇن، قىزلارنى سېتىپ، بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ قالىمتو بىر چۆرىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ بولاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان. بىر باپكار قاغانغا تاپشۇرىلىدىغان باج قاتارلىق قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن بىر ئايىچىدە ئون توپچە رەخت تاپشۇرغان» ⑪. XIX ئەسىردە تۇرپان ۋادىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈلگەن توختامنامىلەردىن 8 — 9 پارچىسى تېپىلغان. رادلوۋ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىن خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىغا شۇلارنىڭ ئىككى پارچىسىنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ بىرىدە: «يۇڭ بېجى ئۈچۈن بۆز لازىم بولۇپ قالدى بۆز قەرز ئېلىش ئۈچۈن ...» دەپ؛ يەنە بىرىدە: «... ئىككى كىشىگە بۆز لازىم بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوكۇيدىن ئۈچ توپتىن قەرز ئالماقچى، ئەتىيازدا قەرز ئېلىپ كۈزدە قايتۇرۇش، ئۆسۈمنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ تۆلەشنى كېلىشتى، سورۇكى توشقاندا ھەر بىرى ئالتە توپتىن بۆز قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ سورۇكى توشقاندا قايتۇرالمىسا، ئەل ئىچىدىكى ئادەت بويىچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن ⑫. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پاختا ۋە پاختا رەخت مەزكۇر خانلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زامانلاردا تۇرپان رايونىدا پاختىدىن توقۇلغان رەختلەر كۆركەم ۋە نەپىس بولغان. «ماتا، سەگەزلىرى يۇمشاق ھەم چىداشلىق بولۇپ، ئۇلار ئۇنى بازاردا تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرغان» ⑬. بۇنداق رەختلەرنى ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلار بەيتەن دەپ ئاتىغان.

قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدا پاختا توقۇمىچىلىقىدىن باشقا كەندىر تالاسىدىن رەخت توقۇش ۋە يىپەك، يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ خېلى راۋاجلانغان. ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە «لۇكچۇن رايونى كەندىردىن قوش يىپلىق رەخت توقۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى» ⑭. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان

ھەرخىل توقۇلما بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمىنى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرى ئىشلەتسە، بىر قىسمىنى مالغا ئالماشتۇراتتى. يەنە بىر قىسمىنى شۇ چاغلاردا ئاۋاتلاشقان يەنجىڭ، شاگجىڭ، لىۋياڭ، كەيفىڭ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بازارلىرىدا ساتاتتى. بۇ جايلاردا سودا - سېتىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، لياۋ خاندانلىقى جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە «ئۇيغۇر مەھەللىسى» قۇرۇپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. «قۇجۇ، كۇسەن قاتارلىق جايلاردىكى خان ئوردىلىرى ئادەت بويىچە ھەر ئۈچ يىلدا بىر تۈركۈم يۈزنەچچە كىشىلىك ئۇيغۇر ئەلچىلىرى (ئەمەلىيەتتە سودىگەرلەر) نى لياۋ خاندانلىقىنىڭ شاگجىڭ شەھىرىگە تىجارەتكە ئەۋەتىپ تۇراتتى» بۇ سودىگەرلەر تۈرلۈك ماللار بىلەن بىرگە «ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ھەرخىل مۇۋۇت، پالاس قاتار- لىق ماللارنى توشۇپ ئاپىرىپ، قىتانلارنىڭ مىس ۋە تۆمۈر پۇللىرىغا تېگىشىپ كېلەتتى» . «923 - يىلدىن 948 - يىلغىچە قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى لىۋياڭ، كەيفىڭ شەھەرلىرىگە 13 قېتىم پاختا رەخت، كۇچا يىپەكلى، كۇچا پاختىسى، ئاق ئەتلەس، تېرىكە، شىرىس ... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىپ ساتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ سودا 951 - يىلى بولغان. شۇ قېتىمدا كەيفىڭغا 1329 توپ پاختا رەخت ... ئېلىپ بېرىلغانىدى. شىمالىي سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار [قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى —— ئا] گۈللۈك رەخت، گۈللۈك دارايى قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بېرىپ ساتقانىدى⑮.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان تۆۋەندىكىدەك بىر تۈركۈم ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملارمۇ قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدا توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ خېلىلا راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: مىلادىيە 304 —— 439 - يىللار (16 پادىشاھلىق دەۋرى) غا تەئەللۇق ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈل- گەن كىمخاب، ئۈزۈم، قۇش، ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كەشتە؛ 618 - 907- يىللار ( تاڭ سۇلالىسى دەۋرى) غا ئائىت جۈپ شىر سۈرەتلىك كىمخاپ، ئۇنچە چەمبىرەك ئەجدىھار سۈرەتلىك دارايى، ھاۋارەڭ زەر باسقان رەڭدار شايى، ئۈزۈم سۈرەتلىك تەكتى ئاق گۈل باسقان ھىلھىلە، ياغاچ ساپلىق دۈردۈن يەلپۈگۈچ قاتارلىقلار يۇقىرىقى سۆزىمىزگە مىسالدۇر.

1985 - يىلى 12-ئايدا تۇرپان قارا غوجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بىر قەدى- مىي قەبرە تېپىلغان. ئۇ قەبرىدىن ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا جىگدە ياغىچىدىن ياسال- غان بىر ساندۇق، بىر ئىگەر، بىر تال ئوقيا، 21 تال ئوقى بار بىر ئوقدان

قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. يا ئوقلىرىنىڭ ئۇچى تۆمۈردىن ئۈچ خىل شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئۇچلىرى بىلەنگەن. جەسەتنىڭ تېگىگە ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن كۆرپە، ناھايىتى نەپىس توقۇلغان، گۈل چىكىلگەن يۇڭ توقۇلمىلار سېلىنغان. بۇلار ئۈزۈم تىلى نوتىلىرى ئۈستىگە قويۇلغان ⑯

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1959 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە تۇرپان ۋادىسىدا 11 نۆۋەت تەكشۈرۈش قېزىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، 456 قەبرىنى ئېرىشەددى. بۇ جەريانىدا 10 مىڭ دانىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى. بۇلارنىڭ قىسمەنلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا كۆرگەزمە قىلىندى، ئەشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە پاختىدىن، يۇڭدىن، يىپەكتىن ۋە كەندىردىن توقۇلغان بۇيۇملارنىڭ سانىلا مىڭدىن ئاشىدۇ. يىپەك توقۇلمىسىنىڭ تۈرىلا ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ ⑰. ئۇلار ناھايىتى رەڭدار بولۇپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. سۇپىتى ئېسىل، چىدامىلىق، يۇقىرى سەۋىيىدە توقۇلغان. جىن (265 - 316 - يىللار)، تاڭ (618 - 907) دەۋرىگە ئائىت خەت - چەكلەردىمۇ توقۇلما بۇيۇم ئىشلەنگەن جاي ناملىرى، ئالاھىدە «قوجۇدا توقۇلغان كۇسەن كىمخابى»، «سۇلې كىمخابى» ۋە «كۇسەن كىمخابى» دېگەن سۆزلەر خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى تىلغا ئېلىنغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ھۈنەر سەنئىتىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ھەم ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى — «ئۆرۈش يىپىغا گۈل چېكىپ توقۇش» («يىپ بىلەن كەشتىلەش» مۇ دېيىلىدۇ) نىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس تېپىك ئۇسلۇبى — ئاقاق يىپقا گۈل چېكىپ توقۇش» («گۈل چېكىپ كانۋا چىقىرىش» مۇ دېيىلىدۇ) تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان ⑱. تۇرپان رايونى مانا شۇنداق توقۇمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان قەدىمكى شىنجاڭدىكى كاتتا توقۇمىچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان.

مەزكۇر ماقالىمىزدە تۇرپان ۋادىسىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زادى قايسى يىلى مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەسەكمۇ، ئەمما ھازىرچە قولىمىزدا بار ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدا كەندىر تالالىرىدىن، يىپەكتىن، يۇڭدىن ۋە پاختىدىن توقۇلما بۇيۇم مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كېيىن دېگەندىمۇ تۇرپان رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ 1- دەۋرىگە، يەنى بالدۇرقى مەزگىل — جىن، 16 دۆلەت دەۋرى (مىلادى

265 — 439- يىللار) گە تالىق بولۇشى كېرەك دەپ ئېيتىش مۇمكىن ⑲. لېكىن ئەشۇ دەۋردىن ئىلگىرى تۇرپان رايونىدا توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى قوللىنىلمىغان دېيدىغان قاراشنى تولۇق ئىسپاتلىيالمىغىدەك ماتېرىياللارمۇ ھازىرچە تېخى چىقىـ تۇرۇلمىدى. كەلگۈسىدىكى مۇشۇ ساھەگە بېغىشلانغان ئىلمىي، توغرا بولغان يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنى بۇ جەھەتتە يېڭىچە قاراشلار بىلەن تەمىنلىگۈسى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، قەدىمكى چاغلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى قېرىنداش مىللەتـ لەر بىلەن ئۆز ئارا مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتە زىچ ئالاقە قىلغان. بىر بىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، ئىلغار ھۈنەر - تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، بىرلىكتە ئالغا باسقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت، ھۈنەر - سەنئەت ئىختىرا قىلغان. يۈكسەك ئەقىل پاراسىتى، مېھنەتسۆيەرلىكى، ئىجادكارلىقى، يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى بىلەن ۋەـ تىنىمىزنىڭ رەڭدار مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپىلىرىنى قوشۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋە سىرتىدىمۇ ياخشى باھاغا سازاۋەر بولغان. بۇ توغرىلىق چەت ئەللىك بىر تەتقىقاتچى مۇنداق يازغان: «تۇرپانلىقلار ناھايىتى تالانتلىق خەلق بولۇپ، ھۈنەرۋەنچىلىكتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، توقۇمىچىلىققا ماھىر، تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان جابدۇقلىرى سۈپەتلىك، نەقىشلىرى كۆركەم ... ئۆتۈك، گىلەم، دوپپا، كىگىز، تەگلىماتلىرى، زىبۇ - زىننەتـ لىرىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ئوبدان بولۇپ، يەرلىك بازارلارغا ئېلىپ چىقىپ ساتاتتى ...» ⑳.

تۇرپان ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان توقۇلما بۇيۇملار تۇرپان ۋادىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ئەۋـ رىشكىلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - قىسىم 21 - 22 - بەتلەر؛ «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1981 - يىل 1 - سان 76 - بەت.

② ۋاڭ يەندى: «قۇجۇغا ئەلچىلىككە بېرىشتىن خاتىرە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىل 4 - سان 143 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم 455 - بەتتەكەلتۈرۈلگەن نەقىل.

④ سابىت: «قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كېۋەز تېرىقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىقىغا نەزەر» «شىنجاڭ تارىخى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977 - يىل خەنزۇچە نەشرى 276 بەت؛ شەن چۈەن «شىنجاڭ — ئېلىمىزبويىچە كېۋەز ئەڭ بالدۇر تېرىلغان رايون»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 5 - بەت.

⑤ مۇشۇنىيىڭ، ۋاڭ بىڭخۇا، لى جېڭ «تۇرپاننى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىق قىلىشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىل 4 - سان.

⑦⑥ چېن شيۇشىن «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىقى»، «جاھاننامە 2» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 93 — 94 - بەتلەر.

⑩⑨⑧ «جاھاننامە — 2» 192 - 94 - بەتلەر.

⑱⑮⑭⑬⑫⑪ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 132 -، 128 -، 133 -، 135 -، 137 - بەتلەر.

⑯ «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 5 - بەت.

⑰ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 11 - بەت، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىل 4 -، 7 -، 8 - سانلار.

⑲ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىل 4 -، 7 -، 8 - سانلار.

⑳ «ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكى قىسقارتىلدى)

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب سەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

(1)

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا توغرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان بەزى تالاش - تارتىشلار بولۇپ كەلمەكتە. بۇ تالاش - تارتىشلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى سەيدۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

مەسىلەن، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان «سىمخەي» دە، 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئەدەبىياتى چوڭ لۇغىتى» دە، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان ۋە ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن «جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما ئەسەرلەر» دېگەن كىتابتا، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان «قەدىمكى شېئىرلاردىن تاللانما» دېگەن كىتابلاردا سەيدۇللا موڭغۇل دېيىلگەن. يەنە 1981-يىلى نەشردىن چىققان «تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ نەزمىلىرىدىن تاللانما» ۋە 1981 - يىلى 14 ئالىي مەكتەپ بىرلىكتە تۈزۈپ نەشر قىلغان ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى قوللانمىسىدا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شائىرلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە سەيدۇللا موڭغۇل دېيىلگەن ①.

1979 - يىلى شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى سەيدۇللانىڭ «يەنمىن شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە سەيدۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسىدە چېن يۈەننىڭ كۆز قارىشى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، سەيدۇللانى خۇيزۇ دەپ كۆرسەتكەن. يەنە گۇڭ يۆنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيزۇ شائىر سەيدۇللا» («خۇيزۇ ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى»،

1980 - يىل 1 - سان)، لىن سۇگېنىڭ «يۈەن دەۋرىدىكى خۇيزۇ شائىر سەيدۇللا» («جۇڭگو قۇرۇلۇشى»، 1980 - يىل 5 - سان)، ۋاڭ جىجۇاڭنىڭ «سەيدۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە» («شەنشى داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىل 2 - سان)، مۇدېچۇەننىڭ «يۈەن دەۋرىدىكى مۇسۇلمان شائىر سەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ فۇجۇدىكى شېئىرىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە» («رۇڭخۇا» ژۇرنىلى، 1983 - يىل 3 - سان) دېگەن ماقالىلىرىدە سەيدۇللانى خۇيزۇ دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇلاردىن ئىلگىرى يېزىلغان سەيدۇللاغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا كەلسەك، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا (736 — 1796) تۈزۈلگەن «خاننىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن، تۆت قەسىردە ساقلانغان كىتابلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» دېگەن كىتابتا، سەيدۇللا موڭغۇل دەپ كۆرسىتىلگەن. «خاننىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن تۆت قەسىردە ساقلانغان كىتابلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان كىتابلاردا ئەشۇ كىتابتىكى كۆز قاراش قوبۇل قىلىنغان. «يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى» دىمۇ سەيدۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەچكە، 80 - يىللاردا سەيدۇللا موڭغۇل، سەيدۇللا خۇيزۇ دېگەن قاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى.

ھالبۇكى، سەيدۇللا موڭغۇلمۇ ئەمەس، خۇيزۇمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان ماقالىلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بىر قاتار نوپۇزلۇق ئالىملارمۇ سەيدۇللانىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

شياچىرۇڭ ئەپەندى «يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا» دېگەن ماقالىسىدە، ئۇرغۇنلىغان تارىخىي خاتىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق سەيدۇللانىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ②. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى، پىشقەدەم تەتقىقاتچى گۈباۋ ئەپەندى 1963 - يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا» دېگەن ماقالىسىدە سەيدۇللاغا ئالاقىدار ماقالىلەرنى قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۇرغۇنلىغان تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق سەيدۇللانىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇنى موڭغۇل ياكى خۇيزۇ دېيىشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك تارىخىي پاكىتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ③.

، سەيدۇللا بىلەن زاماندىش ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن، مەسىلەن، سەيدۇللانىڭ ئۇلپىتى ياڭ ۋېيجېن (مىلادى 1327 - يىلى نەشىرىيدارلىقتا ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچى) ئۆزىنىڭ «غەربىي كۆلدىكى بامبۇك نوتىلىرى توپلىمىغا مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە سەيدۇللانى «دانىشمەن» لەر ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇلار غەربىي يۇرتلۇق قارلۇقلاردىن ئىدى دەپ كۆرسەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا سەيدۇللا بىلەن ياڭ ۋېيجېن نەسىر - نەزمە يېزىشىپ يۈرۈپ، ئۆز ئارا ناھايىتى قويۇق باردى - كەلدى قىلىشقان. شۇڭا ياڭ ۋېيجېننىڭ يۇقىرىدىكى مەلۇماتىنى ئىشەنچلىك دەپ قاراش مۇمكىن. سەيدۇللا بىلەن جىنجياڭدا بىللە تۇرغان يەنە بىر ئەدىب يۇشاۋ ئۆزىنىڭ «جىشۇن يىللىرىدىكى جىنجياڭ تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە جىڭكو مەھكىمىسىگە 16 - قېتىملىق داروغاچ بولۇپ تەيىنلەنگەن سەيدۇللانىڭ (خەنزۇچە) ئىسمى تيەن شى بولۇپ، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر ئىدى دەپ يازغان.

سەيدۇللا ئۆزىنىڭ «دەريا بويىدىكى كەچكۈز ئىلھاملىرى» دېگەن شېئىرىدا مەن سا ئائىلىسىنىڭ ئوغلىمەن دەپ يازغان بولسا، سەيدۇللانىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان سالۇڭگۇاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 12 - يىلى (1807 - يىلى) ئۆزى شەرھلەپ نەشىرگە تەييارلىغان «يەنمىن توپلىمىنى تۈزۈپ ئىزاھلاش» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئېنىق قىلىپ: «ھەزرىتىم (سەيدۇللانى دېمەكچى) مۇ رەڭدار كۆزلۈكلەردىن ئىدى» ④ دەپ كۆرسەتكەن. ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى.

بېيجىڭ داشۆسىنىڭ سابىق مەسئۇلى، پروفېسسور چېڭ يۈەن ئەپەندى ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللىرىدىلا ئۆزىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسىرىنىڭ 4 - جىلدىدا تولۇق دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق سەيدۇللانىڭ خۇيخۇي (يۈەن دەۋرىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىشى - ئا) ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە: «مۇسۇلمان شائىرلار ئىچىدە سەيدۇللانىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ...» دەپ يازغان.

ئەينى ۋاقىتتا، سەيدۇللا بىلەن زاماندىش ئۆتكەن ئەدىب تاۋ زۇڭيى ئۆزىنىڭ «تارىخىي كىتابلارنىڭ مۇھىم بايانلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 7 - جىلدىدا ئىزاھلىنىشىچە، سەيدۇللا غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە پامىرنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان ئىدى ھەمدە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بەش دەۋر

مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىغان ⑤.

(2)

سەيدۇللانىڭ سىردىشى ياڭ ۋېيجىنىڭ «غەربىي كۆلدىكى بامبۇك نوتىلىرى توپلىمى» بىلەن سەيدۇللانىڭ كېيىنكى ئەۋلادى سالۇڭگىۋاڭنىڭ سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرىنى توپلاپ نەشىرگە تەييارلىغان «يەنمىن توپلىمى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سەيدۇللانىڭ بوۋىسى ئارسلان بۇقا بىلەن دادىسى ئالۇچىلار پامىرنىڭ شەرقىدىكى، يەنى بۈگۈنكى قەشقەردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قارلۇقلاردىن ئىدى. قارلۇقلار — قارا خانىلار خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. مىلادى XIII ئەسىردە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلغاندا، ئارسلان بۇقا ۋە ئالۇچىلار موڭغۇللارغا ياردەملىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن ھەمدە خاننىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ياش، قابىل كىشىلەرنى ئۆلتۈرمەي ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىش پەرمانىغا ئاساسەن، بىر مۇنچە ئۇيغۇرلار قاتاردا ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلار ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلىگەن ھەمدە موڭغۇللارغا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇبلاي خان (مىلادى 1260 — 1294 - يىللار تەختتە ئولتارغان) نىڭ يارلىقى بىلەن يۈەن، دەي ئايماقلىرى ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن. سەيدۇللا مانا مۇشۇ دەي ئايمىقىنىڭ يەنمېن دېگەن يېرىدە (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىدىكى دەيشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى يەنمېنلىك دەپ ئاتىغان ⑥.

سەيدۇللا (1272 — 1355) ئائىلىسىدىكى باللار ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى، بىر سىڭلىسى بولغان. چوڭ ئىنىسى سايىجى، لەقىمى تيەن يۈي بولۇپ، جياڭشىنىڭ جيەنچاڭ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان. ئىككىنچى ئىنىسى سالاھۇددىن 1347 - يىلى ئۆلكىلىك ئېمتىھاندىن ئۆتۈپ، فۇجيەندە تەپتىش ئەمەلدارى بولغان. سەيدۇللا بولسا، يۈەن سۇلالىسى چېنيۈەننىڭ 9 - يىلى (1272 - يىلى) ئۆز ۋاقتىدىكى خېدۇڭ سەنشى مەمۇرى رايونى يىنمۇگۈ ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى دەيجۇ ئايمىقىنىڭ يەنمېن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. سەيدۇللانىڭ ئاتا - بوۋىسى مۇسۇلمان ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچكىرىدە تۇغۇلغان تۇنجى پەرزەنتىگە Sa‘aAllaH (سائاللاھ، مەنىسى «ئاللا بەخت ئاتا قىلغاي») دەپ

ئىسمى قويىغان. تارىخ خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سەيدۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇپ، شېئىر يازاتتى، رەسىم سىزالايتتى ھەمدە ھۆسن خەتلەرگىمۇ ماھىر ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ شېئىر يېزىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن ياش تۇرۇپلا شۆھرەت قازانغانىدى.

لېكىن، يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 30 نەچچە يىلغىچە (1279 ـــ 1314) كېجۇ ئېمتىھانى تۈزۈمى بىكار قىلىنغانلىقتىن، سەيدۇللاغا ئوخشاش ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن ئىستىدادلىق زىيالىيلارغا بىرەر مەنسەپ ـ مەرتىۋە يولىغا قاراپ قەدەم قويۇشقا يول تاقالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆسمىگە، نېمە سەۋەبتىندۇ، بىر نەچچە ئەۋلادـ قىچە ئەجر ـ تۆھپىسىنىڭ بەدىلىگە خانىنىڭ يۇقىرى ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ساجەمەتى بۇ چاققا كەلگەندە ھالى خارابلىشىپ، سەيدۇللانىڭ خۇددى «دەريا بويىدىكى كەچكۈز ئىلھاملىرى» دېگەن شېئىرىدا: «مەن سا ئائىلىسىنىڭ ئوغلىمەن، بىزنىڭ تېرىلغۇ يېرىمىز يوق، مال ـ دۇنيايىمىز يوق» دەپ تەسۋىرلىـ گىنىدەك غۇربەتچىلىككە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سەيدۇللا ھايات يولى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا (ئىچـ كى ئۆلكىلەردە) ئۆتكەن كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش سودىگەرچىلىك قىلغان. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئوقەتتى راۋاج تاپماي، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كونا ئۇلپەتلىرى بىلەن جەم بولۇپ، شېئىر ـ نەزمە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان «تاغ ئارىسىدا تۇرۇپ دوستلارنى ئەسلەپ يازغان ئالتە پارچە شېئىر» دېگەن شېئىرى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ⑦.

مىلادى 1313 ـ يىلى رېن زۇڭ خان كېجۇئېمتىھانى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلـ تۈرۈشكە يارلىق چۈشۈرىدۇ. بۇ چاغدا شائىرنىڭ دادىسى ئالۇچى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ يېشىمۇ 55 كە بېرىپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ تەيدىڭـ نىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 1314 ـ يىلى) ئوردا ئېمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئالدىنقى 3 ـ ئورۇندا بولۇپ، تەشرىپدارلىققا ئۆتىدۇ. شائىر شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسىي سەھنىلەردە ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىش ئۈمىدىدە بولىدۇ. ئۇ ئون نەچچە يىلىچە ئوردا ئەدىبى بولۇپ تۇرغاندىن باشقا، قالدى ھاياتىنى ياقا يۇرتلاردا ئەمەلدارلىق تۇرمۇشى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ⑧.

سالوڭگۇاڭ نەشرگە تەييارلىغان «يەنمىن توپلىمى» نىڭ 10 ـ جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سەيدۇللا 1328 ـــ 1331 ـ يىللىرى ھازىرقى جىنـ

جىياڭدا، 1331 ـــ 1334 ـ يىللىرى ھازىرقى نەنجىڭدا، 1334 ـــ 1337 ـ يىللىرى ھازىرقى فۇجۇدا، 1337 ـــ 1339 ـ يىللىرى ھازىرقى كەيفېڭدا، 1340 ـــ 1343 ـ يىللىرى ھازىرقى بېيجىڭدا، 1343 ـــ 1346 ـ يىللىرى ھازىرقى خاڭجۇدا، 1346 ـــ 1349 ـ يىللىرى ھازىرقى نەنجىڭدا، 1350 ـــ 1352 ـ يىللىرى لۇجۇدا ئوخشاش بولمىغان مەنسەپلەردە بولغان. شائىر لۇجۇدا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا 80 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى توغرىلىق بەزى رىۋايەتلەردىن باشقا ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. بۇ مەشھۇر ئەدىبنى ئېھتىمال 1355 ـ يىل ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن ⑨.

سەيدۇللا ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن يوقسۇللارغا، جاپاكەش پۇقرالارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، قانۇن ـ تۈزۈمنى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلغان. جىڭ ـ تارازا قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بېكىتىپ، ئادىل ئېلىپ ـ سېتىشنى يولغا قويغان. سىياسىي بىلەن پۇقرالارنى قورقىتىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاشكارا بۇلىۋالىدىغان ئالدامچى، باخشى، رەمماللارنى ۋە ئۆز قول ئاستىدىكى پۇقرالارنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك قىلغان تەييار تاپ بۇزۇق ئەمەلدارلارنى تېگىشلىك جازالىغان. پۇقرالارنىڭ دەۋا ـ دەستۇرلىرىنى ئادىللىق بىلەن سورىغان. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يوقسۇل پۇقرالارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تىرىشقان.

سەيدۇللانىڭ ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن قوللانغان بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلىرى ئەينى ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان، سودىگەرلەرنىڭ، پۇقرالارنىڭ سودا ـ تىجارىتىگە كۆپ تەرەپلىمە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. جەمئىيەت تەرتىپىنى نىسبەتەن مۇقىملاشتۇرۇشتا مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغان. ئۇنىڭ قوللانغان بىر قاتار ئىلغار چارە ـ تەدبىرلىرى ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، قىسقىسى، ئۇنىڭ نامى ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ 550 يىلدىن كېيىن پۈتۈلگەن «دەنتۇ نامىيە تەزكىرىسى» دىمۇ مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

ئەمما سەيدۇللا ھەر قانچە ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرسۇن، ئۆزىنى پاك تۇتسۇن، جەمئىيەتتىكى ئىپلاسلىقلار بىلەن ھارماي ـ تالماي كۆرەش قىلسۇن، تېگى ـ تەكتىدىن چىرىكلىشىپ كەتكەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئۆزگەرتەلمىشى، جاھاننى ئۆزى خىيال قىلغاندەك ياخشى ھالغا كەلتۈرەلمىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ توغرىلىق «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىي تۇرلىرىدىن توپلام» 36 ـ جىلد «سەيدۇللا تەزكىرىسى» دە: «ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋۇلىڭدا تۇرغان،

ياخشى ھاۋالىق كۈنلىرى ئۇچىسىغا سىمۇدت ئېلىنغان ياغاچنى مۇردىسىگە سالغان ھالدا سەيلىگە چىقاتتى، مەنزىرىلىك تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئەڭ چېتىگىچە بېرىپ ھۇزۇرلانغىچە يانمايتتى، ئىلھامى كەلگەندە شېئىرلار يازاتتى» دەپ پۈتۈلگىنىدەك، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كېسەللىك، پېقىرلىق ۋە يالغۇزلۇقتا ئۆتكۈزگەن ھاياتىدا يازغان بەزى شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەجىر - تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يەنىلا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چەككەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر قىسىم ئەھۋاللىرى «يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 28 - جىلد تەرجىمىھاللار قىسمىنىڭ 135 - تەزكىرىسىدىمۇ بايان قىلىنغان.

(3)

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى خىلمۇ خىل ئۇسلۇبقا باي، ئىجابىي مەزمۇنلارغا، يۈكسەك بەدىئىي تەرەققىياتقا ئىگە بولۇپ، ئۇ بىر ئۆمۈر ئىجاد قىلغان يارقىن شېئىرلىرىدا پىششىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ گەرچە بىر ئۇيغۇر ئەدىبى بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلدار بولۇشتىن ئىلگىرى غۇربەتچىلىك تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چەككەن شۇنداقلا موڭغۇل ئەزگۈچىلەر سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قۇل ئورنىغا چۈشۈپ قالغان كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ، جۈملىدىن خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئېچىنغان. شۇڭا ئۇ مىلادى 1348 - يىلى فاڭ گوجېن باشچىلىقىدىكى خەنزۇ پۇقرالارنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئۇ شەرقىي جېجياڭدا بىر تۈركۈم پۇقرالارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئوردىغا تەۋە ئاشلىق ئامبارلىرىنى چېقىپ، نەچچە يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىقنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەرگەن. ئالدامچى، پارىخور، زومىگەر ئەمەلدارلارغا زەربە بېرىپ، يەر - چارۋا، ئاشلىقلار بىلەن نامراتلارنى قۇتقۇزغان.

سەيدۇللا ئەنە شۇنداق قەيسەر ئىرادىسىنى قەلەم ھەم ئەلەم بىلەن ئىپادىلەپ، تېگى - تەكتىدىن چىرىپ كەتكەن فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ قان - قەرزگە بوغۇلغان جىنايەتلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا پاش قىلغان. شائىر ئەينى ۋاقىتتا بىر مەزگىل ئوردا ئەدىبى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خېلى ۋاقىت ئەمەلدارلىق ھاياتىنىمۇ بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، موڭغۇل - يۈەن

سۇلالىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردا - ھەرەملىرى ئىچىدىكى ئەيش - ئىشرەتلىك، بۇزۇقلۇق تۇرمۇشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەمدە ئوردا ئىچىدىكى خىلمۇ خىل ئىشلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شائىر مانا شۇ كۆرگەن- بىلگەنلىرىنى بىۋاسىتە ماتېرىيال قىلىش ئاساسىدا يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرىدا خان جەمەتىدىن تارتىپ تاكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاردىسىدىكى ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ئۆز ئارا مەنپەئەت تالىشىش، قەستلىشىش ۋە چىرىك شەھۋانە قىلمىشلارنى ئېچىپ تاشلىغان. شۇ ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان ھەم ئەجەللىك يېرىگە تەككۈزۈپ قاتتىق قامچىلىغان. بۇلارغا شائىرنىڭ «كۆرگەن - بىلگەنلىرىم»، «پايتەختتە يېزىلغان پارچە - پۇرات شېئىرلار»، «شىڭ شاۋىڭ ھەزرەتكە بېغىشلىما» دېگەن شېئىرلىرى ناھايىتى ئوبدان مىسال بولالايدۇ ⑩.

سەيدۇللا لىيۇداچى ئەپەندى تۈزگەن «جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» (1963 - يىلى نەشرى، 2 - قىسىم، 808 - بەت) ۋە يۇگوئېن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى» (خەلق ئەدەبىياتى نەشرى، 1964 - يىل، 3 - قىسىم) قاتارلىقلاردا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئۆزىنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا (مەسىلەن، «ماكانىم ئىلھامى بىلەن»، «فىڭخۇاڭتەي مۇنارىدا جانابى گوخىنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلغان شېئىر» لىرىدا تەخمىكەش، بىكار تەلەپ ۋە خۇشامەتچى چاكىنا ئەدىبلەرنىمۇ ناھايىتى يامان كۆرگەن ۋە ئۇلارنى سۆككەن ئىدى.

سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە خەنزۇ شائىرلىرى، راھىب-دەرۋىشلىرى بىلەن يېزىشقان، مۇ شائىرلىرى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ تارىخىغا ئائىت تارىخىي تېمىدىكى شېئىرلىرى بار. ئۇنىڭ بۇ خىل تېمىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە «مەنجىياڭخۇڭ. جىن قەبرىستانلىقىدا قەدىمكىلەرنى ئەسكە ئالغاندا»، «نيەننۇجياۋ. تاش قەلئەگە چىققاندا» ۋە «مۇلەنخۇامەن. فىڭچىڭدا قەدىمكىلەرنى ئەسكە ئالغاندا» ناملىق شېئىرلىرى ناھايىتى مەشھۇر سانىلىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، سەيدۇللانىڭ بۇ شېئىرلىرى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن، داڭلىق خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ قىلىشمايدۇ.

(4)

سەيدۇللا شېئىرىيەت ۋە رەسساملىق ساھەسىدە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەنگەن ئاتاقلىق تەزەربىچى ئىدى. جاڭ يىشۇن تۈزگەن «ۋۇيى شېئىرلار توپلىمى»

غا سەيدۇللانىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى بىر پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ھەم بۇ ماقالە توپلامغا يۇقىرىدىكى كىرىش سۆز قىلىنغان. بۇ ماقالە گەرچە ناھايىتى قىسقا (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 500 خەت ئەتراپىدا) بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭدا سەيدۇللانىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى خېلى ئوبدان ئىپادىلەنگەن. شائىر ئۇنىڭدا: «شائىرلاردا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى جارى قىلدۇرغاندا، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل ئەھۋاللار بولىدۇ. ئۇ سالاھىيەت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق، ئىدىيە، ھېسسىيات، مەزمۇن جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق، ئابستراكىت ۋە كونكرېت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم» دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا شائىرغا نىسبەتەن سەنئەت جەھەتتىكى قابىلىيەت، ئىپادىلەش قابىلىيىتى سەزگۈرلۈك ۋە ئوبيېكتىپ - سۇبيېكتىپ شەيئىلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ.

سەيدۇللا مەنزىرە رەسسامچىلىقى بىلەن شېئىرىيەتنى «كىشىلەرنىڭ دىل تارىنى چېكىدىغان ئەڭ ئېسىل بەدىئىي ۋاسىتە» دەپ ھېسابلىغان ھەمدە زامانداش رەسسام، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا ئوبزور يېزىپ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ شېئىرىيەت ۋە رەسساملىق نەزەرىيىسى جەھەتتە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزگەن، كۆپلىگەن مەشھۇر رەسىملەرگە بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن.

سەيدۇللانىڭ شېئىرى ئىجادىيەت يولىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇ مەنزىرە رەسىملىرىدىن باشقا، يەنە تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئوخشاش ئېتىبار بەرگەنلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شائىر ئوتتۇرا، شەرقىي ۋە جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنى دېگىدەكلا ئايلىنىپ چىققاچقا، ۋەتىنىمىزنىڭ شۇ جايلاردىكى ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالىرى ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرى شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيىتىگە پۈتمەس-تۈگىمەس ئىلھام بەخش ئەتكەن. سەيدۇللا ئەنە شۇنداق گۈزەل مەنزىرىلىك، ساپ ھاۋالىق جايلارنى زىيارەت قىلغان چېغىدا ئۆزىنىڭ ئورغۇپ تاشقان كۆچلۈك ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئوخشىتىپ تەسۋىرلەپ، خۇددى بىر پارچە رەسىمنى كېلىشتۈرۈپ سىزغاندەكلا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ماھىرلىق بىلەن يىغىنچاقلاپ قەغەز بېتىگە چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى لىرىك شېئىرلىرى ناھايىتى ھېسسىياتلىق بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى گويا ناھايىتى ياخشى چىققان بىر پارچە رەڭدار رەسىمنى كۆرگەندەك چىنلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ ۋە

ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ. مەسىلەن، شائىر ئۆزىنىڭ «مىڭگۈەن قورۇلىدىن ئۆتكەندە» ناملىق شېئىرلىدا مەنزىرە تەسۋىرىنى مۇنداق بېرىدۇ:

تاك چېغى ئۆتتۇم داۋاندىن تاغقا مەن خۇشتار بولۇپ،
ئويىنشار ئاپپاق بۇلۇتلا مەن بىلەن دوست - يار بولۇپ.
چوققىلار مەپتۇن بولۇپتۇ ئاق بۇلۇتلار قوينىغا،
ئالقىنىمدا جىلغا - سايلار كۆرۈنەر قاتار بولۇپ.
سىلكىتىپ قاقسام كىيىمنى، روسلىسام قەددىمنى شۇ تاغ
زوقلىنىپ سۆلار ئاقادۇر بار ئېقىن ئەنھار بولۇپ.
..............................................

شائىرنىڭ بۇنداق ياخشى چىققان تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەن شېئىرلىرى خېلى بار.

قەدىمدە ئۆتكەن ئەدىپلەر مەنزىرە شېئىرلىرىدىن سۆز ئاچقاندا، «شېئىر ئىچىدىن سۈرەت پۈتەر» دېيىشىدىكەن. ئەگەر راستىنلا شۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە، شائىر سەيدۇللانىڭ مەزمۇنغا باي ئوبرازلىق تۈرگۈنلىگان شېئىرلىرىدىن قانچىلىغان ئېسىل سۈرەتلەر پۈتۈلىدىغانلىقىنى تۇرغان گەپ.

تارىخ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، سەيدۇللا ماھىر رەسسام ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ سىزغان رەسىملەر خېلى كۆپ ھەم مەشھۇر بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگىنى «يەنلىگىنىڭ بېلىق تۇتۇش پەشتىقى رەسىمى» ۋە «قارا ئۆرۈكتىكى قوشقاچ رەسىمى» قاتارلىق بىر نەچچە پارچىسىلا ئىبارەت. ئۇ ئىككى پارچە رەسىم ھازىر گۇگۇڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. باشقا رەسىملىرى يوقلىپ كەتكەن.

سەيدۇللا تارىخي ئەھۋاللارنى شېئىر بىلەن ئىپادىلەشتىن تاشقىرى، رەسىم ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ سىزىپ چىقىپ، زامانىسىدىكى ئەدىپلەر، رەسساملار ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان. «يەنلىگىنىڭ بېلىق تۇتۇش پەشتىقى» ناملىق رەسىم ئەسىرى ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

خەلقپەرۋەر ئەدىب سەيدۇللا ئىجادىيىتىدىكى مەزمۇنغا باي، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، رەڭگا - رەڭ ئىپسىلارىدىكى لىرىك ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى ليۇداجى قاتارلىق خەنزۇ ئەدەبىيات تارىخچىلىرى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئىشلىنىشى پارقىن، مەزمۇنلۇق، مول ئەدەبىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، باشقا شائىر-

لاردا كەم كۆرۈلىدىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ تىزغان مىسرالارنى ئوقۇغان كىشى چىن يۈرىكىدىن شائىرغا بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايتتى. بۇ جەھەتتىن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، شائىر ئۆزىنىڭ ئىلغار كۆز قارىشىنىڭ ۋە خەلقچىل ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يازغان ناخشا تېكىستلىرىدىمۇ جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلغان، يامانلىقنى قامچىلىغان. ئۇ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق ئوردا - ھەرەملەردە خان ۋە بەگزادىلەر تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئاھۇ - پىغانلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ قولىقىغا يەتكۈزگەن، شۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ياۋۇز قىلمىشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن پاش قىلغان. مانا شۇ مەزمۇنلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلغان. شائىرنىڭ «ئالتۇن قولۇپ»، «ئاھۇ - زار» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى بۇلارغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ ⑪.

ئومۇمەن، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە سەيدۇللانىڭ ئەسەرلىرى باشقا بىر قىسىم ئەسەرلەر قاتارىدا چاقناپ تۇرىدىغان بىر گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

شائىر سەيدۇللانىڭ ئەسەرلىرى دەسلەپ سەككىز جىلد قىلىپ توپلانغان، كېيىن قېپقالغان شېئىرلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى قوشۇلۇپ يەنە ئىككى جىلد قىلىپ توپلانغان. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى جەمئىي 800 پارچە ⑫. ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللانىڭ شېئىر دىۋانى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي سەككىز قېتىم بېسىلغان. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قەدىرلىنىپ ساقلىنىپ، ئوقۇلۇپ كەلگەن ھەتتا ياپونىيىدىمۇ بېسىلغان ھەم تەتقىق قىلىنغان ⑬.

ئىزاھلار:

①⑥⑦⑧⑨⑩⑪ ئۆمەر ئوسمان: «سادۇللا ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 4 - سان).

② «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە) 1982 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 3 - بەت.

③ كۇباۋ «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 1964 - يىل 4 - سان.

④ رەڭدار كۆزلۈكلەر -- موڭغۇللار ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەرنى تۆت تەبىقىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلغان: رەڭدار كۆزلۈكلەر شۇ تەبىقىلەرنىڭ

بىرى بولۇپ، ئۇلىنىڭ تەركىبىگە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەتلەر كىرەتتى.

⑪ چېن يۈەن «غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە تەتقىقات» 4 ـ جىلد.

⑫ بۇ سان شائىر سەيدۇللانىڭ «يەنىمىن شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمى (شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى نەشرى) دىكى شېئىرلارنىڭ سانىغا قارىتا ئېيتىلغان. يېقىنقى يىللاردىكى تەتقىقاتلار شائىرنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ يەنە بىر مۇنچە شېئىرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

⑬ ياپونىيىلىك داۋتىيەن «مەڭگۈلۈككە تويۇلۇپ ئۆزىدەك بولۇپ كەتكەن ساتيەنشى (سەيدۇللا) شېئىرلىرى» دېگەن كىتابنى ئېلان قىلىپ، سەيدۇللانىڭ شېئىرلىرىنى چەت ئەللەرگە تارقاتقان؛ مىسىرلىق ئالىم رەۋادى «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىر ھەۋەسكارلىرى سەيدۇللانىڭ ئىسمى بىلەن ناتونۇش ئەمەس» دەپ يازغان.

[ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىدىكى سەيدۇللا شېئىرلىرى يۇگوئېن قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ 3 ـ قىسىم 6 ـ توپلام 8 ـ باب 2 ـ پاراگرافىدىن ۋە شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1979 ـ يىلى نەشر قىلغان سەيدۇللانىڭ «يەنىمىن شېئىرلىرى» توپلىمى قاتارلىقلاردىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى].

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئار كومىتېتى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر بۆلۈمى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا خوجا لەھچىنى

# چۆچەك شەھىرىدىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى تېپىلمىلار

لى شياۋ

1990 - يىلى 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى چۆچەك شەھەرلىك سەھىيە مەكتىپى قورۇسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى خارابە ئىزىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

چۆچەك شەھىرى تارباغاتاي - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا - كېلىماتى ئىللىق، سۇ مەنبەسى مول، تەبىئىي شارائىتى ياخشى؛ قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان ياخشى جاي. چۆچەك سەھىيە مەكتىپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە خارابە ئىزى چۆچەك شەھەر رايونىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە، ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ غەرب، شىمال ئىككى قىرغىقىدىكى تۆپىلىككە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە جەمئىي 19 قەبرىنى تازىلىدۇق، 370 كۋادرات مېتىر جايدىكى خارابىلىقنى قازدۇق.

بۇ 19 قەبرىدىن بەش تاش تاۋۇت چىقتى، ئۇلار قوش تاۋۇت، يالغۇز تاۋۇت دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ھەممە تاۋۇتنىڭ ئاغزى تاش قاپقاق بىلەن يېپىلغان. چېقىر تاشلاردىن قوپۇرۇلغان قەبرىلەرنى دەزمال شەكىللىك قەبرە، ئېللىپىس شەكىللىك قەبرە ۋە يۇمىلاق قەبرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاغزى تاش قاپقاق بىلەن يېپىلغان، بەزىلىرىنىڭ يېپىلمىغان. ياپىلاق تاش بىلەن كاللەك تاشتىن ياسالغان قەبرىلەرنى شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتە توساق بار - يوقلىقى بىلەن ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان. بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ تېگىگە جەسەت كۈلى چېچىلغان، قەبرە ئىچىدە

ھېچقانداق ھەمدەپنە بۇيۇم ياكى دەپنە سايمانلىرى يوق. يەنە بىر خىلى،
جەسەت يېنىچە پۈت - قولى يىغىپ ياتقۇزۇلغان دەپنە ئۇسۇلى بولۇپ، مېيىت
بېشى غەربكە، يۈزى شىمالغا قىلىپ يېنىچە، پۈت - قولى يىغىپ ياتقۇزۇلغان.
قەبرىنىڭ غەرب، شىمال بۇرجەكلىرىدە بىردىن ساپال بۇيۇم قويۇلغان.

ھەمدەپنە بۇيۇملارنى ساپال بۇيۇملار ۋە مىس بۇيۇملار دەپ ئىككى تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. ساپال بۇيۇملار ھەممىسى تۈز ئېغىزلىق، قۇلىقى يوق، قورسىقى
تۈز ياكى قىيپاش، تېگى تۈز كىچىك كوزىلار بولۇپ، قۇم ئارىلاش كۈلرەڭ
ساپالدىن ياسالغان، ياخشى تاۋلانمىغان، ئۈستىگە ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە، تىرناق
شەكلىدە، سۈزگۈچ شەكلىدە گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. مىس بۇيۇملارنىڭ
بەزىلىرى مىس سىمدىن توقۇلغان زىرە، بەزىلىرى مىس پارچىلىرىدىن ياسالغان
گالمونچاقلاردىن ئىبارەت.

خارابە ئىزى ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تۆپىلىككە جاي-
لاشقان بولۇپ، قەبرىلەر دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئارىلىقى 150
مېتىر كېلىدۇ. خارابىلىكتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىر بولۇپ،
قاتلاملارغا بۆلۈنمەيدۇ. يەر قاتلىمىدا نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار
ۋە ھايۋانات سۆڭىكىدىن باشقا نەرسە يوق.

قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ساپال قاچىلار، سۆڭەك - مۈڭگۈز بۇيۇملار، تاش
قوراللار ۋە مىس بۇيۇملاردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ساپال قاچىلار
ئىچىدە پۈتۈنلىرى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس. شەكلى
جەھەتتە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تۈز، قىيپاش قوساقلىق،
قۇلىقى يوق، تېگى تۈز كوزىلار كۆپ بولۇپ، قۇم ئارىلاش، ياخشى تاۋلانمىغان
كۈلرەڭ ساپالدىن ياسالغان. گۈل نۇسخىلىرى ئىچىدە ھەر خىل تىرناق شەكلى
ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن باشقا سۈزگۈچ شەكلى، ئۈچ بۇرجەك، بۇغداي شەكلىمۇ
بار. رەڭلىك ساپال قاچىلار بايقالمىدى. قېزىۋېلىنغان تاش قوراللار ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، تاش سەندەل، تاش يارغۇنچاق، يارغۇنچاقنىڭ تاشتىن ياسالغان
تايىقى، تاش توقماق، ئۈچ بۇرجەكلىك پارقىراق تاش ئوتىغۇچ، «T» شەك-
لىدىكى تاش بولقا، تاش پالتا، ئايلانما بىسلىق تاش قورال، ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە بىر دانە بىگىزسىمان تاش ۋە بىر دانە تاش زەكەرمۇ بار. قېزىلمىلار
ئىچىدە سۆڭەك بۇيۇملار كۆپ ئەمەس، پەقەت بىر تال ئىككى تەرىپى پارقىراق
قوي ئوشۇقىلا تېپىلدى. مىس بۇيۇملار ئىككى بولۇپ، بىرسى ساپال ھەيكەل

ئارىسىغا قىستۇرۇلغان مىس چىۋىق، يەنە بىرسى بىر پارچە مىس داشقىلى.

بۇ قېتىمقى قېزىش چۆچەك ئارخېئولوگىيىسىدىكى تۇنجى قېتىمقى قېزىش بولۇپ، قېزىۋېلىنغان خارابە ئىزى، يادىكارلىقلار ئۇستىدىكى تەھلىللەردىن قارىغاندا، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساك ـ ئۇيسۇن مەدەنىيىتىگىمۇ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتكىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى مىس قوراللار مەدەنىيىتىگە ئوخشايدىغان يېرى كۆپ. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، خارابىلىق بىلەن قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ساپال قاچىلار شەكلى، گۈل نۇسخىسى، ساپال سۈپىتى،ساپال رەڭگى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش، شۇڭا خارابە ئىزى بىلەن قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بىر، ئۇلارنى بىر مەدەنىيەتكە مەنسۇپ قەدىمىي خەلقلەر قالدۇرۇپ كەتكەن دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئالىقاچان مىس دەۋرىگە قەدەم قويغان. يىلىكنى شوراش ئۈچۈن چېقىلغان كۆپلىگەن ھايۋانات سۆڭىكىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان: كۆپلىگەن ساپال ئەسۋاپ، تاش يارغۇنچاق، تاش توقماق، ئۈچ بۇرجەك تاش ئوتمغۇچلارنىڭ تېپىلىشى شۇ چاغدىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئوتمغۇچ ئىشلىتىش سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا قېزىۋېلىنغان تاش زەكەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بۇلارنى ئاللىقاچان بىرونزا دەۋرىگە قەدەم قويغان قەدىمكى خەلقلەر بەرپا قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى چارۋىچىلىق ۋە ئوتمغۇچ بىلەن يەر تېرىيدىغان دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان دەپ ئېيتالايمىز . ئۇندىن باشقا بۇلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى باردەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتى بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن .

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1991 ـ يىل 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز مامۇت

تەرجىمە تەھرىرى: جۇمەخۇن

# دىنىي مەسىلە ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

دولقۇنجان تۇرسۇنىياز

ھەممىگە مەلۇمكى، مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق مەملىكەت
ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا دىنىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلە تولا ھاللاردا
ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد
ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەريانىدا دىنىي مەسىلە
بىلەن مىللىي مەسىلىنىڭ پەرقى، باغلىنىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مىللىي مەسىلىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، بولۇپمۇ نۆۋەتتە مۇقىملىقنى ساقلاشتا، ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، تىنچ - ئىتتىپاق
بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشتە، ئېلىمىزنى جۇڭگوچە ئالاھى-
دىلىككە ئىگە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

ھەممىگە مەلۇمكى، دىن بىلەن مىللەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم.
دىن بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيە، ئۇ تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھقا ئىشى-
نىش، چوقۇنۇش، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسى-
دىكى بۇرمىلانغان، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن خىيالىي ئىنكاسىدىن ئىبارەت.
دىن مىللەت، سىنىپ، دۆلەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاشلا تارى-
خىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ، ئۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش
قانۇنىيىتىگە ئىگە. دىنىي ئېتىقاد، دىنىي ھېسسىيات ھەم ئۇنىڭغا ماسلاشقان دىنىي
مۇراسىم، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى دىن پەيدا بولغاندىن كېيىن بارلىققا
كەلگەن. دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىككى سەۋەب
بار. بىرى بىلىش جەھەتتىكى سەۋەب، يەنە بىرى ئىجتىمائىي سەۋەب. ئىپتىدا-
ئىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان-

لىقتىن، كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسىلەرنىڭ، ھەتتا ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭمۇ سىرىنى بىلمەيتتى. ئىنسانلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان، چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ۋە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ھادىسىلەرنىڭ تۈپ سەۋەبىنى بىلەلمىگەنلىكتىن، بۇنداق «تاشقى كۈچ» لەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر «ئىلاھ» بار دەپ قارىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى دىنىي قاراش ۋە دىنىي چۈشەنچىلەر پەيدا بولغان، بۇ — دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى سەۋەبىدۇر.

ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغانىدىن كېيىن، دىنىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى سەۋەبىگە ئىجتىمائىي سەۋەب قوشۇلدى. سىنىپىي قارىسىمۇ قارشىلىق كىشىلەرنى تەبىئەت زۇلمىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلدى. ئەمگەكچى خەلق سىنىپىي زۇلۇم، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى سان - ساناقسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئاخىر «ئىلاھ» تىن «ئامانلىق» تىلىدى ياكى ئۈمىدىنى «ئۇ دۇنيا» غا باغلىدى. مانا بۇ — دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبتۇر.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەب يوقالغان بولسىمۇ، بىراق ئوبيېكتىپ جەھەتتە دىنىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى سەۋەبى تېخى يوقىتىلغىنى يوق. ئىنسانىيەت تارىخىدا دىن ھامان يوقىلىدۇ، ئەمما دىنىنىڭ يوقىلىشى خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان بولۇپ، پەقەت سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىقلا، بارلىق ئوبيېكتىپ شارائىتلار ھازىرلىنىپ، دىننى پەيدا قىلىدىغان مەنبە يوقىتىلغاندىن كېيىن، دىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. شۇڭا بىز ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىن چەتنەپ، دىنىنىڭ مەۋجۇپ بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دىنىنىڭ يوقىلىپ بېرىشىنى ئىش يۈزىدىكى ۋەزىپە قىلىۋالساق ھەرگىز بولمايدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە دىن تېزلا يوقىلىپ بارىدۇ دەپ قاراش رېئال ئوي ئەمەس، مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە باشقا زورلۇق ۋاسىتىلىرىگە تايىنىپ دىننى يوقىتىش مۇمكىن دەيدىغان ئويلار ماركسىزمنىڭ دىن ھەققىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىگە تېخىمۇ زىت كېلىدۇ. قىسقىسى، دىن پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتىگە ئىگە. شۇڭا دىنىنىڭ يوقىلىپ بېرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشقا، دىنىي مەسىلىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا،

پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىدىمىز مىللەتكە كەلسەك، ستالىن: «مىللەت كىشىلەرنىڭ تارىختا شەكىللەنگەن ئورتاق تىلغا، ئورتاق رايونغا، ... ئورتاق پىسخولوگىيىلىك ئامىللارغا ئىگە تۇراقلىق كىشىلەر توپىدۇر» دەيدۇ. ستالىننىڭ مىللەت توغرىسىدىكى تەبىرى ياۋروپانىڭ كاپىتالىزم شارائىتىدىكى مىللەتلەرنى تىپ قىلىپ يىغىنچاقلانغان. پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى پەرق ئېتىشتە ستالىننىڭ بۇ تەبىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، تارىختا شەكىللەنگەن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىل - يېزىق، كىيىم - كېچەك، ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى كىشىلەر توپىنى «مىللەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ كەلدى. مىللەت باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئەزەلدىن بار بولغان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسىمۇ ئەمەس، ئۇ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولىدۇ، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا تەرەققىي قىلىدۇ، ۋە مۇئەييەن تارىخىي شارائىتقا بارغاندا تەدرىجىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئومۇمەن ئېيتقاندا، مىللەت يوق ئىدى. ماركسىزم شۇنداق قارايدۇكى، مىللەت جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندە، ئۇرۇق، قەبىلىلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن كىشىلەر توپىدۇر. مىللەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى، فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى مىللەتلەر قەدىمكى زامان مىللىتى ياكى كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى مىللەتلەر دەپ ئاتالغان؛ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى مىللەتلەر يېقىنقى زامان مىللىتى ياكى بۇرژۇئا مىللىتى دەپ ئاتالدى؛ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى مىللەتلەر ھازىرقى زامان مىللىتى ياكى سوتسىيالىستىك مىللەت دەپ ئاتالدى.

مىللەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلدى؛ قۇللۇق جەمئىيەتتە، فېئوداللىق جەمئىيەتتە قەدىمكى زامان مىللەتلىرى شەكىللەندى، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يوقىلىشى، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇرژۇئا مىللەتلىرى شەكىللەندى. شۇنداقلا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئا مىللىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر شەكىللەندى.

مىللەت پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتىگە ئىگە ئىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىدۇ. مىللەتنىڭ يوقىلىشى قوشۇلۇش ئاساسىدا ئىشقا ئاشىدۇ. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى بىر خىل يۈزلىنىشتۇر. ئۇ مىللەتلەرنىڭ دۇنيا سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي سىستېمىسىدا ئورتاق گۈللىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلىشى ئارقىسىدا، مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈپ خۇسۇسىيەتلەر پەيدىنپەي يوقىلىپ، ئاخىر دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشىدىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىدىكى غايەت زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىزدىن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش مەسىلىسىگە توغرا، ئىلمىي ھالدا مۇئامىلە قىلىشىنى، يەنى بىرىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ئامىللىرىغا قارىتا قىزغىن قۇۋۋەتلەش، قارشى ئېلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشنى؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى سوتسىيالىزم باسقۇچىدا ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولغاچقا، ئەكسىچە بۇ دەۋر مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان دەۋرى بولغاچقا، مىللىي پەرقنى ئېتىراپ قىلىشنى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ھۆرمەت قىلىشنى، پارتىيىنىڭ بىر قاتار مىللىي سىياسەتلىرىنى توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللەتلەرنى سۈنئىي ھالدا قوشۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان «سول» ئىدىيىلەردىن قاتتىق ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن قارىغاندا، گەرچە دىن بىلەن مىللەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى يەنە مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مىللەت، دىن پەيدا بولغاندىن بۇيان دىن بىلەن باغلىنىشلىق بولمىغان بىرمۇ مىللەت يوق. پەقەت باغلىنىش دەرىجىسىلا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، مەسىلەن، بەزى مىللەتلەر پۈتۈن مىللەت بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئالايلى، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر پۈتۈن مىللەت بويىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ مىللەتلەردە دىن ھەم مىللىيلىق، ھەم ئاممىۋىلىقتىن ئىبارەت روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنە بەزى مىللەتلەردە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل دىنغا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇ خىل دىنغا

ئېتىقاد قىلىدۇ. مەسىلەن، بەيزۇ مىللىتى بۇددا دىنى، خىرىستىيان ۋە كاتولىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. داغۇر مىللىتى شامان دىنىغا، لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىر قىسىم خەنزۇ ئاھالىسى بولسا بۇددا، داۋجياۋ (تەرىقەتچىلىك)، خىرىستىيان ۋە كاتولىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. دىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن مىللەتلەر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پسىخىك خۇسۇسىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. مەسىلەن، زاڭزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى لاما دىنى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇرلار تارىخىمۇ ئىسلام دىنى بىلەن زىچ باغلانغان. بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئەسلىدە دىنىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە تەۋە بولسىمۇ ياكى ئەسلىدە دىندىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ۋە مىللىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق ئون مىللەتنىڭ چوشقا باقمايدىغان ۋە چوشقا گۆشى يېمەيدىغان بۇ خىل تۇرمۇش ئادىتى ئەسلىدە دىندىن كەلگەن، قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولسىمۇ، ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئادەتنىڭ مىللىيلىق دەرىجىسى كۈچىيىپ، مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە قوشۇلۇپ كەتتى. ئالايلى، مۇشۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قىسىم كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ئامما دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدۇ. لېكىن تۇرمۇش ئادىتىدە چوشقا باقمايدۇ ۋە چوشقا گۆشى يېمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن مېيىتنى يۇيۇپ-تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىش، توي قىلغاندا نىكاھ ئوقۇش، بالىغا ئىسىم قويغاندا ئەزان توۋلاش، ئوغۇللارنى سۈننەت قىلدۇرۇش، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ توپراق بېشىنى يوقلاش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ئەسلىدە دىن بىلەن چېتىشلىقى بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئادەتلەر شۇ مىللەت خەلقى ئۆرپ-ئادىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرمۇ بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. بۇلارغا قاراپلا ئاددىي ھالدا دىنغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنى

دىنغا ئىشەنگەن، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان دېيىشكە بولمايدۇ. مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى دىن بىلەن مىللەتنىڭ بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىمكانى-
لىكىنى، بۇلارنى پۈتۈنلەي ئايرىپ قاراشقا ياكى بولمىسا قارا - قويۇقلا
ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، بىز ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا مىللەتلەر باراۋەرلىكى،
ئىتتىپاقلىقى، دوستانە ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش،
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر-
لىكتە كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت توپ مەنپەئەتنى ئاساس قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ
دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولماسلىقتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشى-
مىز، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتا، دىنىي
مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلىنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ،
پارتىيىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي سىياسىتى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا دىنىي مەسىلە بولسا دىنىي سىياسەت
بويىچە، مىللىي مەسىلە بولسا مىللىي سىياسەت بويىچە ھەل قىلىشىمىز لازىم. مىل-
لىي مەسىلىدە دىنىي مەسىلە ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئالاھىدە
ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلىشتىن ساقلىنى-
شىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنتايىن ئازساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ
دىنىي نىقاب بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇ-
نۇشتەك يامان سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق
قىلغاندا، دىنىي سىياسەت ۋە مىللىي سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان سەۋەنلىكلەرنى
ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالايمىز؛ پارتىيىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلىيەلەيمىز؛ دىنىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلە گىرەلىشىپ كەتكەن
ئەھۋالدىمۇ بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، ئۇنى توغرا، ئادىل، ۋاقتىدا
بىر تەرەپ قىلالايمىز.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: خوتەن ئالىي سەفەن تېخنىكومى سىياسىي
مائارىپ كافېدراسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: دىلارە خەمەت

# تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى تۈزۈش توغرىسىدا مۇھاكىمە

توختى

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جايلاشقان ئەھۋالىغا قاراپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. مەملىكىتىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە زور كۆپچىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناھىيە قۇردى. دۆلىتىمىز مۇشۇ رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلدى. لېكىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە ھازىر 20 مىليونچە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى جاي-جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنىمۇ مەخسۇس قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشكە، قېلىپقا سېلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭلاشقا، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنى» دېيىلىدۇ) نى پاتراق تۈزۈپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر دېگىنىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايىدىن باشقا جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھازىر تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 20 مىليونچە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مەملىكىتىنىڭ 97% تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەرلىرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى بار. ئۇلار گەرچە نوپۇسى كۆپ بولغان خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن شەھەر، بازار ۋە كەنتلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلگەن، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادۋە پسىخىك ئالاھىدىلىك جەھەتلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ شەھەر-بازارلاردا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسىنىڭكىدىن يۇقىرى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، مىللەتلەر ئارا ئالاقە كۆپەيدى. مىللىي مۇناسىۋەت كۈندىن-كۈنگە قويۇقلاشتى. لېكىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ مىللىي مۇناسىۋەتتە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرمۇ پەيدا بولدى، ھەتتا بەزى يوشۇرۇن تىنچسىزلىق ئامىللىرىمۇ كۆرۈلدى. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا بەزى جايلار ۋە تارماقلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى ۋەتەلەپلىرىنى نەزەرگە ئالماي، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرمەي، بىر قىسىم مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى ۋە مەنپەئەتىنى مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى چەكلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ تەسىر يەتتى. شۇڭلاشقا

دۆلەت بىلەن تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق جايدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈرۈش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى تۈزۈپ چىقىش ناھايىتى زۆرۈر.

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز «ھەممە مىللەت باب - باراۋەر» دېگەن سىياسەتتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1952 - يىلى 2 - ئايدىلا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدا قارار» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دېيىلىدۇ) نى ئېلان قىلدى. 1955 - يىلى 12 - ئايدا، گوۋۇيۈەن «مىللىي يېزا قۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا يوليورۇق» نى ئېلان قىلدى. بۇ قائىدە - نىزاملار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئارازنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن ئون يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مىللىي خىزمەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قايتىدىن ئېتىبارىغا ئېرىشتى. 1979 - يىلى 10 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ «ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا دوكلات» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دوكلات» دېيىلىدۇ) نى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1983 - يىلى 12 - ئايدا گوۋۇيۈەن «مىللىي يېزا قۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. بۇ ھۆججەتلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى. لېكىن مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ

1952 - يىلدىكى «قارار»ى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپى-
سىنىڭ 1979 - يىلدىكى «دوكلات»ىدىن بىرى 38 يىل ئاۋۋالقى مەمۇرىي نىزام،
بىرى «سول» چىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن سىي-
ياسەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي كۈچىنى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى
تۈزگەن رەسمىي قانۇن بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، 1952 - يىلدىكى «قارار»نى
ئالىدىغان بولساق، گەرچە ئۇنىڭدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت
ئاھالىلىرىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇقلىرىنى كاپالەت-
لەندۈرۈش توغرىسىدا بەلگىلىگەن پرىنسىپلار توغرا ۋە ھازىرغىچە قوللىنىۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي ماددىلىرى
ھەر ھالدا زاماندىن قالدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، «قارار» 1949 - يىلى تۈزۈل-
گەن «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دى-
كى پرىنسىپلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن، دۆلىتىمىز 1954 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۆت قانۇن ئېلان قىلدى، ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپلىرى
بويىچە قايتىدىن يېڭى قانۇن تۈزۈشكە تېگىشلىك بولۇپ قالدى. ئىككىنچىدىن،
ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تېخى تاماملانمىغان،
دۆلەت سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئاساس تېخى تىكلىنىمىگەن ئۆتكۈنچى باس-
قۇچتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، «قارار» پەقەت شۇ ۋاقىتتىكى ئېھتىياجغا ماسلىشىپ،
تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ باراۋەرلىك
ھوقۇقى ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇقىنى سىياسىي جەھەتتە قانداق كاپالەتلەن-
دۈرۈش لازىملىقىنىلا بەلگىلىگەن بولۇپ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق
مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىلىم - پەننى تەرەققىي
قىلدۇرۇشقا قانداق ياردەم بېرىش لازىملىقى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنداق پرىنسى-
پال بەلگىلىمىلەر سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىرگەن بۈ-
گۈنكى كۈندە كىپايە قىلمايدۇ. ھەممىگە مەلۇم، 38 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋالى كۆپ ئۆزگەردى. ئېلى-
مىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۆزگىرىش-
لەر بولدى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئور-
تاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى، مۇس-
تەھكەملەندى ۋە كۈچەيدى، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ ۋە
ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان مىللىي تېررىتو-

رىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىمۇ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى شەكلىدە مۇقىملىشىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «قارار» نىڭ مەزمۇنى رېئال ئەھۋال ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدا تېزدىن يېڭى قانۇن تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى بىپايان چەت - ياقا رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە قىلدى. ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا بېرىش - كېلىشلەر كۈنسېرى كۆپەيدى، بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي ئېلىم - بېرىم پائالىيىتىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بەزى مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، بەزى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى، «مىللىي بازار»، «مىللىي رايون» ۋە «ئاز سانلىق مىللەتلەر دوستلۇق جەمئىيىتى» قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. بۇ مەسىلىلەرنى قانۇن جەھەتتىن تېزدىن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «مىللىي بازار» (جېن)، «مىللىي رايون» دېگەنلەرنى مەيلى ئاساسىي قانۇندىن بولسۇن ياكى يەرلىك تەشكىلىي نىزامدىن بولسۇن، ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ، 1952 - يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈلمىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىدىن تۆۋەن رايون، يېزا دەرىجىلىك كىچىك رايونلار ئاپتونومىيىلىك جاي ھېسابلانغان ھەم «ئاپتونوم رايون» دەپ ئاتالغان. 1954 - يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ بۇ تۈزۈلمە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىدىن تۆۋەن جايلاردا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرماي، پەقەت مىللىي يېزا قۇرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. باشقىچە ئېيتقاندا، رايونلارغا ئايرىش تۈزۈلمىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تەكشەيدىغان يېڭى قانۇن بولۇشى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ، يېزا دەرىجىلىك جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك.

تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە، مىللىي يېزىلارنىڭ خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھازىر 1500 دىن كۆپرەك مىللىي يېزا بولۇپ، مىللىي يېزا قۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 6 مىليونغا بارىدۇ. دۆلەت ئەزەلدىن تارتىپ مىللىي يېزىلار خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بۇ ھەقتە ئىككى قېتىم مەخسۇس بەلگىلىمە چىقاردى. 1955 - يىلى «گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي يېزا قۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى يوليورۇقى» ئېلان قىلىندى. 1983 - يىلى «گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي يېزا قۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» ئېلان قىلىندى. لېكىن مىللىي يېزا مەسىلىسىدىكى تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى نەزەردە تۇتقاندا، يېزا دەرىجىلىك جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن قانۇن تۈزۈپ، مىللىي يېزا مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىش تولىمۇ زۆرۈر. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 99 - ماددا 3 - تارمىقىدا گەرچە «مىللىي يېزىلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئۇيغۇن بولغان كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ئاز ئومۇمىي، كونكرېت ئەمەس. كۆپچىلىككە مەلۇم، مىللىي يېزا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بەزىبىر خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان، ئۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغىمۇ، ئادەتتىكى يېزىلارغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. مىللىي يېزا مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى. يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى كۈچىيىدۇ. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزا - بازار دائىرىسىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيىتى كۈنسېرى جانلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىمۇ ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ چىقىش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي مەسىلىگە ئالاقىدار پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىزنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن ئاساسىي قانۇندىكى بەزى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر پەقەت پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بولۇپ، كونكرېت ئەمەس.

تارقاق ئولتۇراقلاشقان 20 مىليونچە ئازسانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئىشىنى قىلىپ- لاشتۇرۇش ئۈچۈن، كونكرېت مەخسۇس قانۇن بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئاساسىي قانۇن- نى يېتەكچى قىلىپ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر قانۇننى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى زۆرۈردۇر.

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر - بازارلىرىدا شەھەرگە تەۋە مىللىي رايون، ناھىيىگە تەۋە مىللىي بازار ۋە يېزىغا قاراشلىق مىللىي كەنتلەر پەيدا بولدى. مەملىكەت بويىچە شەھەرگە قاراشلىق مىللىي رايوندىن ئالتىسى، ناھىيىگە قاراشلىق مىللىي بازاردىن 79 ى ۋە يېزىغا قاراشلىق مىللىي كەنتتىن بىر قانچىسى بار. مىللىي يېزىلارغا ئوخشاش، مىللىي رايونلار ۋە مىللىي بازارلار 50 - يىللاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن يېزا دەرىجىلىك ياكى رايون دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايوندىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان. 1955 - يىلى ئېلان قىلىنغان «گوۋۇيۈەننىڭ رايونغا ۋە يېزىغا تەڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە يوليورۇقى» دىكى مىللىي بازار قۇرۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە شۇ چاغدىكى ئاسا- سىي قانۇن ۋە تەشكىلىي نىزامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يې- زىنى بازارغا ئۆزگەرتىش جەريانىدا بىر مۇنچە مىللىي يېزىلارمۇ بازارغا ئۆزگەر- تىش شەرتىگە لايىق كېلىپ قالدى. بەزى ئۆلكىلەر بىر تۈركۈم مىللىي يېزىسىنى مىللىي بازارغا ئۆزگەرتتى. مىللىي كەنتلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت- لەر بىر قەدەر كۆپ بولغان ئۆلكىلەردە ناھايىتى جىق. ئەھۋالدىكى مۇشۇنداق يېڭى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىشى لازىم.

يېقىندىن مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەر. شۇنى چۈشەن- دۈردىكى، مىللىي يېزا، مىللىي بازار مەسىلىسىنى گوۋۇيۈەننىڭ بار مەمۇرىي نىزاملىرىغا ئاساسلىنىپ بىر نېمە قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، مىللىي رايونلارنىڭ، مىللىي يېزى- لارنىڭ ۋە مىللىي كەنتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە مۇۋاپىق، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ ئەمە-

لەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسى باركى، زىيىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي يېزا، مىللىي بازار ۋە مىللىي كەنتلەرنى دۆلەتنىڭ قانۇنى شەكلى بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا قانۇنىي ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى قانۇن بويىچە ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى قانۇن بويىچە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

2

پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلىپ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكتە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت توپ پرىنسىپقا رىئايە قىلىش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش —— مانا بۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇننى تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئاساسىي ۋەزىپە.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا قانۇن - نىزاملارنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىدە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئورتاق راۋاجلىنىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دائىر

ئۇنىۋېرسال پىرىنسىپلىرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ پرىنسىپلار تۆت جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇمنى چەكلەپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. ئىككىنچىسى، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چاپسان تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئۈچىنچىسى، ھەممە مىللەت ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت قانۇنىي ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش، ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇش. تۆتىنچى، مىللىي يېزىلار خەلق قۇرۇلتايلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇققا بىنائەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنالايدىغان بولۇش. يۇقىرىقى مۇھىم پرىنسىپلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى تۈزۈش ئۈچۈن يېتەكچى ئىدىيە ۋە قانۇنىي ئاساس بولىدۇ.

دۆلىتىمىزگە ئوخشاش بۇنداق نوپۇسى كۆپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇتلەق ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتتە، سىياسىي جەھەتتە مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپىنى قانداق قىلىپ ئۈزۈل - كېسىل گەۋدىلەندۈرۈش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى چوڭ بىر ئالاھىدىلىك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتتىن 45 ى ئۆز مىللىتىنىڭ ئاپتونوم جايلىرىنى قۇردى. شۇنىڭدەك تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشتەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي

قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. بىراق تېخى ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرمىغان مىللەتتىن يەنە ئۇنى بار، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوشقاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 20 مىليونغا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە باشقا، قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى كۆپ پەرقلىنىدۇ. جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ خىلمۇ - خىل، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئاسان سەل قارىلىپ، سىياسەت ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەي، تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن قىيىنچىلىق تۇغۇلۇۋاتىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر پرىنسىپال بەلگىلىمىلەردۇر. ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى دۆلەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پرىنسىپال بەلگىلىمىلەرنى قانۇن شەكلىدە تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ھازىرقى مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ئىش.

3

تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە تولۇق قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش بولسا «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنى» نىڭ توپ مەقسىتى. مۇشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن توپ پرىنسىپقا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنى» بىر نەچچە جەھەتتىن بەلگىلىمە چىقىرىشى كېرەك.

بىرىنچىسى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدا. بۇ ھوقۇقلار ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى. قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن تارقاق ئولتۇراشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىگىلەيدىغان نىسبىتى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە

بولۇشى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە شۇ جايدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇشى كېرەك. ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالىنىڭ سانى شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باشقا ۋەكىللىرىنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ بولىدۇ. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپرەك بولغان جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئادىمى بولۇشى، شۇ ئارقىلىق تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەرلىك دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئىبارەت باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر (بولۇپمۇ يېزىلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر) دىن پىلانلىق تۈردە كادىر، كەسپىي خادىم، ئىشچى قوبۇل قىلىشى ۋە يېتىشتۈرۈشى، قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى لايىقىدا كەڭرەك قىلىشى كېرەك. تۇرمۇش ئادىتى، تىلى ئوخشىمايدۇ دېگەن سەۋەبلەر بىلەن قوبۇل قىلماسلىققا بولمايدۇ. گەرچە بۇ مەزمۇنلار توغرىسىدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئاللىقاچان پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بولسىمۇ، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنى» دا بۇ پرىنسىپلارنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش تامامەن زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي قىلغىلى بولىدۇ. (2) تۈرلۈك ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش. بۇ ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە، ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە، ئۆزىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ساقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (3) ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ھەر قانداق مىللەتكە بولغان كەمسىتىش ۋە زۇلۇمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى چەكلىشى كېرەك. (4) تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممىتى ۋە ئىززىتىنى زىيانغا ئۇچراتماي قوغداش ئۈچۈن، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەردە مىللىي كەمسىتىش ياكى ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىگە، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، خەلق سوت مەھكىمىسىگە شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم. يۇقىرىقى ئورۇنلار شىكايەت ياكى ئەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا مەسئۇللۇق

بىلەن تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشى، تەكشۈرگەن ۋاقىتتا، مۇمكىنقەدەر مۇناسىۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خادىملىرىنى قاتناشتۇرۇش كېرەك. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللىي يېزىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى قوغداش، مىللىي يېزا تۈزۈلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. مىللىي يېزا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ تەشكىلىي شەكلى، ئۇنىڭ مەۋجۇدىي تېررىتورىيىسى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزا دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك چوڭ ئىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەتلەر قانۇنى» دا مىللىي يېزىلارنى قۇرۇشنىڭ شەرتى ۋە شەكلى، مىللىي يېزىلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئادەتتىكى يېزىلارغا ئوخشىمايدىغان خىزمەت ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇناسىپ كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش كېرەك. مىللىي يېزا، مىللىي رايون، مىللىي كەنت ۋە شەھەرلەردىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دوستلۇق جەمئىيىتىمۇ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى. ھازىر قانۇنىي ئورنى بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەۋجۇت. شۇڭا دۆلەت قانۇنى شەكلى بىلەن ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. بۇ — تارقاق ئولتۇراشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچىسى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقى ئادەتتىكى رايونلاردىن ئېغىر. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش تەلپى ئىنتايىن جىددىي. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنى» نىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلەش كېرەك. (1) يېزىلاردىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر بار جايلاردا تەبىئىي بايلىقلارنى ئاچقان، كارخانا قۇرغان چاغدا،

شۇ جايدىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىپ، ئىشلارنى شۇلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. (2) تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ئەگەر راستلا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، ئاۋۋال كارخانا قۇرغۇچىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك. (3) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جايدىكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەبلەغ، باج، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ۋە دۇلازىمەت ساھەلىرى بويىچە بېرىلىدىغان ياردەم قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بېرىشى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلەرنى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەپ، ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك. (4) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەك نامرات بولغان تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە خامچوتىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا كىرىمىنىڭ ئېشىپ كەتكەن قىسمى بىلەن چىقىمىنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلەتسە بولىدۇ. مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز مىللىي يېزىسى ئاچالايدىغان تەبىئىي بايلىقلارنى ئاۋۋال مۇۋاپىق ئېچىپ ئىشلەتسە، ئۆزىنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە باشقا شارائىتلىرىغا قاراپ، ئۆز مىللىي يېزىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرسا، ئۆز مىللىي يېزىسىغا تەۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرسا بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى نىسپىي ھالدا ئارقىدا بولغاچقا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر ئارقىدا، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى چاپسان تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دۆلەتنىڭ قانداق ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا قانۇندا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلىنىشى كېرەك. بۇ ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئوقۇتقۇچى، مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشى، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ھەر خىل مىللىي مەكتەپ ۋە مىللىي

سىنىپلارنى ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك. (2) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە مىللىي كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىشى، چارۋىچىلىق رايون، تاغلىق رايونلاردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىن بولغان تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن يېتىپ ئوقۇشنى ئاساس قىلغان ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى ئاساس قىلغان مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ، مىللىي كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىپ بېرىشى ياكى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ياكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ ئېچىپ بېرىشى كېرەك. (3) دۆلەت ئاچقان ھەر خىل، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى لايىقىدا كەڭرەك قىلىشى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولغان جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى نورمىلىق، نىشانلىق قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا مىللىي سىنىپلارنى ئېچىپ بەرسە بولىدۇ. (4) يەرلىك ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەشكە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي يېزا ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپرەك بولغان باشقا يېزىلارغا ساپاسى ياخشى ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتىشى كېرەك.

تۆتىنچى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش -- تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك ئالاھىدە تاۋارلار ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئالاھىدە تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئالاھىدە تۇرمۇش ئادىتى بار تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان رېستورانلار، يېمەكلىكلەر ماگىزىنى، گۆش بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ بېرىشى كېرەك. مۇسۇل-

مانچە تاماق يەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى كۆپرەك بولغان ئورۇنلاردا مۇسۇلمان ئاشخانىسى ئېچىشى، مۇسۇلمان ئاشخانىسى ئېچىشقا شارائىتى يوق ئورۇنلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مۇسۇلمانچە تاماق ياردەم پۇلى بېرىشى كېرەك. مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تەمىنلەيدىغان، باشقۇرىدىغان، سېتىۋالىدىغان ۋە ئاساسلىق ياسايدىغان خادىملار ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى بولۇشى كېرەك. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە دەپنە ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ھەمدە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر، شۇنداقلا دۆلەت قانۇنى قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر. ئاساسىي قانۇننىڭ 4 - ماددىسىدا: «دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقوقى ۋە مەنپەئەتى دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانۇن ئارقىلىق قانداق قەيت قىلىش كېرەك؟ بۇ - نەچچە مىليونلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ تۈپ ھوقۇقىي-مەنپەئەتىگە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك .

دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسا مەملىكىتىمىزدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش قانۇنىنى تۈزۈش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈمنى تولۇقلاشنىڭ، مىللىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، بولۇپمۇ ئاساسىي قانۇندىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. تولۇق ئىشىنىمىزكى، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر قانۇنى» تۈزۈلسە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تېگىشلىك دەرىجىدە كاپالەتلىك رولىنى ئوينايدۇ.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» نىڭ 1991 - يىل 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ئابلىز مامۇت

تەرجىمە مەسئۇل تەھرىرى: جۈمەخۇن

# قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى

ۋەن كەيفىڭ

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سانى كۆپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى جىنايەت سادىر قىلىش دائىرىسى كەڭ، يەتكۈزىدىغان زىيىنىمۇ ئېغىر، بۇ جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم ئامىلغا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش ھەرىكىتى مەلۇم روھىي ھالەتنىڭ قوماندانلىقىدا يۈز بېرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىدىكى پسىخولوگىيىلىك ئامىللارنى تەھلىل قىلىپ، بۇنىڭدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىش ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش ۋە جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەشتىمۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى، تەرتىپىنى ياخشىلاشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(1)

ئادەمنىڭ ياشلىق - ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بالىلىق ھالىتىدىن يېتىلىشكە قاراپ ماڭىدىغان دەۋرى، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىق

بىلەن تولغان دەۋر، ئادەم كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقان، گۈللىنىۋاتقان دەۋر، جىسمانىي جەھەتتە، ئەقلىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان دەۋر، شۇنداقلا، دۇنيا قاراش شەكىللىنىۋاتقان دەۋر. بۇ دەۋردە، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئاڭ بارغانسېرى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما خېلىلا بىر تەرەپلىمىلىكتە، يۈزەكىلىكتە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار غۇرۇرى كۈچلۈك، مەغرۇرانە، كۆڭۈلچەك، تەۋەككۈلچى كېلىدۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا تەنتەكلىك قىلىپ قويىدۇ، ئۇلاردا شان-شۆھرەت ۋە خورلۇق، چىنلىق ۋە ساختىلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قارىتا ئېنىق ھەق-ناھەق ئۆلچىمى كەمرەك بولىدۇ. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ياشلىق-ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئادەمنىڭ ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيىتى ئەڭ زور بولىدىغان دەۋردۇر. ئەگەر توغرا تەربىيە بېرىلسە ۋە توغرا يېتەكلەنسە، كېرەكلىك، تالانتلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ؛ باشقۇرۇش-تەربىيىلەش بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا ياكى ئۆز ئېقىمىغا قويۇپ بېرىلسە، ناچار ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە رول ئوينىشى ئارقىسىدا، جىنايەتچى بولۇپ قېلىشى ياكى جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ زاپاس ئەسكىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى پسىخولوگىيىلىك جەريان ۋە شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئايرىش مۇمكىن. پسىخولوگىيىلىك جەريان ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت جەريانىدىن ئىبارەت. ئاساسىي پسىخولوگىيىلىك جەريان بىلىش جەريانىدىن، ھېس قىلىش جەريانىدىن، خۇيلىنىش جەريانىدىن ۋە ئىرادە باغلاش جەريانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىلىش جەريانى شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ تۇيۇش، سېزىش، ئەستە تۇتۇش، تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە دىققەت قىلىش قاتارلىق زۆرۈر شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم سۇبيېكت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىلىشتە پەرۋاسىز يۈرۈۋەرمەيدۇ، ھامان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا مەلۇم بىر خىل پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ: يا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، يا يامان كۆرىدىغانلىقىنى، يا قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى، يا بىزار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ خۇي ياكى ھېسسىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەم، شەيئىدىن بەلگىلىك سېزىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا، يا پائال ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يا پاسسىپ ھالدا ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جاۋاب خاراكتېرلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مانا بۇ ئىرادە باغلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بىلىش، ھېس قىلىش ۋە سېزىش جەريانى

ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىلىك جەريانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلەر ھەر بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغاندا، ھامان، شۇ كىشىنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك قىياپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى، تەبىئىتى ۋە مىجەزى جەھەتتىكى پەرقلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئادەمدە بولىدىغان پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلەر پسىخولوگىيىلىك جەريان ۋە شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ، ئەينى ۋاقىتتا زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئايرىلماس، بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پسىخولوگىيىلىك جەريان شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتنىڭ ئورتاق گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە شەخسىي ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان پسىخولوگىيىلىك جەريان بولمايدۇ، پسىخولوگىيىلىك جەرياندا ئىپادىلەنمەيدىغان شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتمۇ بولمايدۇ. بۇلار بىر پۈتۈن پسىخولوگىيىلىك قىياپەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپى.

ئادەمدە پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلەر سەۋەبسىز پەيدا بولمايدۇ، ئۇ ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى، رول ئوينىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىق پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبەدۇر. ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنىڭ ئىنكاسى. ئەمما ئادەم ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ پاسسىپ ئەكس ئەتتۈرگۈچىسى ئەمەس، بەلكى پائال ھەرىكەت قىلغۇچىدۇر.

ياش - ئۆسمۈرلەردە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش روھىي ھالىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆزىنىڭ كۆزى، قۇلىقى، تىلى، بۇرنى، بەدىنى قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ھەر خىل ناچار ئۇچۇرلارنى بىۋاسىتە سېزىدۇ. بۇ ناچار ئۇچۇرلار ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پاسسىپ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئۇلاردا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش روھىي ھالىتىنى پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ قوماندانلىقى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش ھەرىكىتى

ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر: قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش ئەمەلىيىتىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش تەجرىبىسىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى كۈچەيتىدۇ ـ دە، جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت بولۇپ قالىدۇ. جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت شەكىللىنىش بىلەنلا، بارلىق تاشقى تەسىرلەر ئۇنىڭ جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ شەخسىي پسىخولوگىيىسىنىڭ رېفراكسىيىلىك رولى ئارقىلىق، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بولغان غەيرىي ھالەت ئىنكاسىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. «نەتىجىدە ئۇ بارغانسېرى پاتقاققا چوڭقۇر پېتىپ كېتىدۇ ـ دە، چىقالماي قالىدۇ. سەلبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ھەر خىل ناچار ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شەخسىي پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ رېفراكسىيىلىك رولى ئارقىلىق، سەلبىي تەسىرلەرنى ئىجابىي ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ ئاساسىي قىلمىش جەھەتتىن ئوخشاش بولغان مۇھىتتا، ئوخشاش بولغان تەلىم ـ تەربىيە شارائىتىدا كۆپ سانلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلمايدىغانلىقىنىڭ، پەقەت ئاز سانلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭلا جىنايەت سادىر قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

(2)

قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى پسىخولوگىيىلىك جەريان ۋە ھەرىكەت شەكلى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، يەنى بىلىش، ھېس قىلىش، سېزىش ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشى چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ناچارراق بولغانلىقتىن، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزراق بولۇشى تۈپەيلىدىن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەردە چوڭلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەر ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ئۇ جىنايەت سادىر قىلىش مۇددىئاسىنىڭ تۇغۇلۇشى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ مۇددىئا دېگەندە جىنايەت سۇبيېكتىنىڭ

جىنايى ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىچكى سەۋەب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئىچكى سەۋەب شۇ شەخسنىڭ مەلۇم ئارزۇسى ياكى ئېھتىياجىدىن تۇغۇلىدۇ. جىنايەت سادىر قىلىشتىكى مۇددىئانىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشىدىكى جەريان مۇنداق بولىدۇ: تاشقى دۇنيانىڭ تەسىر كۆرسىتىشى — ئارزۇ (ئېھتىياج) — پىسخىك ۋەسۋەسە — مۇددىئانىڭ پەيدا بولۇشى — نىشاننىڭ يول كۆرسىتىشى — نىشان بويىچە ھەرىكەت قىلىش — ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشى — ۋەسۋەسىنىڭ يوقىلىشى — يېڭى ئېھتىياجىنىڭ پەيدا بولۇشى ...... جىنايەت پىسخولوگىيىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئابوراخماسون مۇنداق دەپ قارىغان: جىنايى ھەرىكەت (C) شەخسنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش خاھىشى (T) بىلەن تاشقى دۇنيادىكى جەلىپ قىلغۇچى ئامىل ھالىتى (S) نىڭ قوشۇلمىسىدۇر، تاشقى دۇنيادىكى قىلغۇچى ئامىلغا قارشى تۇرغۇچى كۈچ (R) بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ فورمۇلا بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇنداق:

$$C = \frac{S + T}{R}$$

بۇ فورمۇلىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، قارشى تۇرغۇچى كۈچ (R) قانچە چوڭ بولسا، جىنايى ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇمكىنچىلىك شۇنچە كىچىك بولىدۇ. شەخسنىڭ جىنايەت سادىر خاھىشى (T)، تاشقى دۇنيادىكى جەلىپ قىلغۇچى ئامىل (S) قانچە كىچىك بولسا، جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇمكىنچىلىك شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

جىنايەت پىسخولوگىيىسى شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، ئېھتىياج جىنايەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئىپتىدائىي تۈرتكە كۈچتۇر.

ئادەمنىڭ جىنايى ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئىشنى ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىشتىن ۋە كونترول قىلىشتىن باشلاش كېرەك. مۇھىت ئېھتىياجنى يېتەكلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە دىققەت قىلىش لازىم. بولۇپمۇ رېئال ئىمكانىيەتتىن ھالقىغان ۋە ئورۇنلۇق بولمىغان ئېھتىياجلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىنى كونترول قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ياش-ئۆسمۈرلەر شۆھرەتپەرەس كېلىدىغان بولغاچقا، ماددىي ئېھتىياجىنى ئارتۇقچە قوغلىشىپ كېتىپ نەپسىنى يىغالماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى جىنايەت سادىر قىلىش غەرزىدە بولىدۇ. بۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ غەيرىي فىزىئولوگىيىلىك ۋە

غەيرىي پسىخولوگىيىلىك روھىي ھالىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

ئىككىنچى، ئۇ بىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىرسىي ئامىل بىلەن مۇھىت ئامىلىنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنىڭ، بىر - بىرىدىن چەكلىنىشىنىڭ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسى. ئىرسىيەتنىڭ تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق؛ مۇھىتنىڭ تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى ئەسلىدىكى سۈپەتنىڭ ئاساسىغا باغلىق.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىشىنىڭ تەرەققىياتى (ئاساسەن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە)، مەكتەپنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەربىيىسىگە (جۈملىدىن دەرسخانا تەربىيىسىگە ۋە دەرستىن تاشقىرى پائالىيەتكە) باغلىق. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ياش - ئۆسمۈرلەرنى بەلگىلىك بىلىمگە، ماھارەتكە ۋە ھەرىكەت ئىزانىغا ئىگە قىلغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرگىلىمۇ بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭە پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكىلىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پسىخولوگىيىلىك سەۋىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئۆسىدۇ، پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكى ۋە ئېڭىمۇ پەيدىنپەي كۈچىيىپ بارىدۇ، كوللېكتىپچىلىق ئىدېيولوگىيىسى پەيدىنپەي شەكىللىنىدۇ.

جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەر دەل مۇشۇ مەسىلىدە نورمال ياش ئۆسمۈرلەردىن خېلىلا ناچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، بىلىمى ئاز، ئەخلاقى ناچار بولىدۇ، بىلىش قابىلىيىتى تۆۋەن، ئەخلاق، قانۇنچىلىق جەھەتتە بىلىمسىز كېلىدۇ، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدۇ ياكى ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ قويىدۇ، خاتا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈۋالغان بولىدۇ. ئۇلار جىنايەت سادىر قىلىش يولىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئىجتىمائىي تەسىر، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن، نورمال ئۆگىنىش تۇرمۇشىغا ماسلىشالمىغان بولىدۇ. بىلىش قابىلىيىتى ئۆسمىگەنلىكتىن، تاشقى مۇھىت بىلەن ماسلىشالمايدۇ.

بالىلار بىلەن چوڭلار ئوتتۇرىسىدا ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە جەزمەن پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. بۇ پەرقلەر نورمال ئەھۋالدا ئالاھىدە مەسىلىنى

پەيدا قىلمايدۇ. ئەمما نۇرغۇن ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ كاللىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇلار، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، پىكىر قىلىش جەھەتتە، شەيئىلەرنى ئومۇمەن لوگىكىلىق ئەھمىيەت جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلاپ قارىيالماي، تولاراق ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر بويىچىلا تونۇرگە سۈرىدۇ. يەنە تېخى پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت جەھەتتىمۇ ئۇممىدسىزلىكنى ئىپادىلەيدۇ، باشقىلارغا قارىتا كۆڭلىدە غۇم ساقلايدۇ، خۇيلىنىدۇ، بىسەم ئىشلىتىدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ قويىدۇ، مۇشۇنداق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش يولىغا ماڭغۇزىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇ ھېسسىيات ئالاھىدىلىكى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ھېسسىيات ئادەمنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ياكى قاندۇرالماسلىقى تۈپەيلىدىن تۇغۇلىدىغان، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تۇتىدىغان ئاكتىپ ياكى پاسسىپ پوزىتسىيىسى. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى خىلمۇ خىل بولىدۇ. ئەمما ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج (يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى، جىنسىي جەھەتتىكى، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى) ۋە مەنىۋى ئېھتىياجدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ئادەمنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى، ئۇ ھايۋانىنىڭ ئېھتىياجىغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ مەنىۋى ئېھتىياج ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەلىم - تەربىيە شارائىتى ئاستىدا شەكىللىنىدۇ، ئۇ ئادەمگىلا خاس بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياجدۇر. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇش - قاندۇرۇلماسلىقى تۈپەيلىدىن تۇغۇلىدىغان چۈشەنچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھېسسىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇي ھېسسىيات ئاساسىدىكى بىۋاسىتە چۈشەنچىدۇر.

ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھېسسىيات ۋە ئەقلىي ھېسسىيات، ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئېستېتىك ئېھتىياج قاتارلىقلار ئادەمنىڭ شەخسىي ئىدېئولوگىيىسىدە ۋە ھەرىكىتىدە غايەت زور تەڭشىگۈچىلىك رولغا ئىگە. بۇنداق تەڭشەش ئادەمنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشى شەكلى بىلەن بىۋاسىتە رېئاللىققا ئايلانمايدۇ، بەلكى ۋاستىلىك روھىي ھالەتنىڭ كونترول قىلىشى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ۋاستىلىك روھىي ھالەت كونتروللۇقى شەكلى ئەقلىي ھېسسىيات دېيىلىدۇ.

ئەقلىي ھېسسىيات ئادەمنى ئۆزىدە پەيدا بولغان ھېسسىيات ياكى كەيپىياتقا ئىجتىمائىي ئۆلچەمنى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مەيداننى ئاساس قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلدۇرالايدۇ. ئەخلاقىي ھېسسىيات ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەخلاققا يات دەپ قارىغان ھېسسىي تەلەپكىلىكىنى ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە ئاساسلىنىپ بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. ئەخلاققا خىلاپ ھەرىكەت بەك كەسكىنلىشىپ كەتكەندە، ئۇ كىشى ئۆزىچە نومۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنىڭ يوقىلىشىدىن، باشقىلار ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلىپ قويۇشتىن ياكى ئەقلاقسىزلىق قىلىپ رەسۋا بولۇشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئەخلاققا خىلاپ ھېسسىياتىنى بېسىۋېتەلەيدۇ. ئېستېتىك ھېسسىيات كىشىنى ماركسىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى پەرق ئېتىپ، بۇ پرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلىدىغان سەنئەتتىن غايەت زور كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ چوڭقۇر تەسىرلىنىش، پەس، رەزىل، چۈشكۈن مەدەنىيەتكە مەستانە بولۇپ كەتمەسلىك ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھېسسىياتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ئىرادىلىك تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى ۋە ئېنىق ئەخلاق تۇيغۇسىنىڭ يوقلۇقى. ئۇلار ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن ماسلاشمىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھېسسىياتقا ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ پەس، رەزىل ھېسسىياتى يۇقىرى دەرىجىلىك ھېسسىيات تەرىپىدىن تەڭشىلىپ، كونترول قىلىنىپ تۇرمىغانلىقتىن، كۆپ ھاللاردا، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى ئارقىسىدا جىنايەت سادىر قىلىدۇ. يېيىش، ئىچىش، ئويناش، تاماشا قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ئۆلتۈرۈپ مال بۇلايدۇ، شەھۋانە نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يولنى توسۇپ باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، دەلىل، ئىسپاتنى يوقىتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئارزۇسىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولىدۇ، رەزىل ھېسسىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

چەت ئەللەردىكى بەزى پسىخولوگلار شۇنداق ھېسابلىغانكى، رەزىل ھېسسىيات ۋە كەيپىيات توسالغۇسىنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولىدۇ. بالىلاردا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى (ئارتۇقچە كۆيۈپ كېتىش ياكى ئۇرۇش - تىللاش) تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان رەزىل كەيپىيات، كۆپ ھاللاردا، جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئارتۇقچە ئەتىۋارلاپ كېتىش ئۇنىڭ ئەمگەكنى جاپالىق دەپ بىلىپ،

باشقىلارنىڭ پۇل - مالىنى بۇلايدىغان بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇرۇش - تىللاش بالىنى ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن ئېرىشەلمىگەن مېھىر - شەپقەتكە دوستلىرىدىن ئېرىشىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. رەزىل ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ قالغان قىزلار كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۈچ مەسىلە (ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كەسىپ، مۇھەببەت ۋە نىكاھ) نى توغرا ھەل قىلالمىغانلىقتىن شەھۋانىلىق قىلىشى مۇمكىن، ياش - ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتتە مەكتەپتە ۋە ئائىلىدە نورمال ئارزۇسى (بىخەتەرلىك ئارزۇسى، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش ئارزۇسى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئارزۇسى) ئەمەلگە ئاشمىغان چاغدا، خۇيلىنىپ توقۇنۇش ئىچىدە قالىدۇ - دە، ئارزۇسىنى باشقا يول بىلەن قاندۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ جىنايەت سادىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنى تەتقىق قىلىش ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇندۇر.

تۆتىنچى، ئۇ ئىرادە ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىرادە دېگىنىمىز بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ۋە شۇ يولدا كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئاڭلىق ھەرىكەت، توسالغۇنى يېڭىشتىكى پىسخولوگىيىلىك جەريان، ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئىرادىنىڭ قوماندانلىقى ۋە ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، مەقسەتلىك ھەرىكەت. سەزگۈ تاشقى تەسىرنىڭ ئىچكى ئىدېئولوگىيىگە ئايلىنىشى، ئىرادە بولسا ئىچكى ئىدېئولوگىيىنىڭ تاشقى پاكىتقا ئايلىنىشى. بۇنداق ئايلىنىش ئىرادىنىڭ ئادەم ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەڭشەش رولى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىرادە ئادەمنىڭ تاشقى ھەرىكىتىنىلا تەڭشەپ قالماي، ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ تەڭشەيدۇ.

ئادەمنىڭ ھەرىكىتى، ئومۇمەن، مەلۇم مۇددىئانى ئاساس قىلغان بولىدۇ ۋە مەلۇم نىشانغا قارىتىلغان بولىدۇ. مۇددىئا ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغان سەۋەب. ئادەم ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن مەلۇم نەتىجىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولىدۇ، مانا بۇ مەقسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇددىئا ئېھتىياج ياكى ئارماندىن تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېھتىياج ياكى مەلۇم ئارمان ھەرىكەتنى قىلىشتىكى ئارزۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇرژۇئا پىسخولوگىيىسىدە بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ئىنسانلارنىڭ بارلىق مۇددىئالىرىنىڭ ئاساسى دېيىدىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەر كەڭ تۈزدە تەرغىب قىلىنىدۇ. قەھەتچىلىكتىن بولاڭچىلىق پەيدا بولىدۇ دېيىدىغان سەپسەتە ئەنە شۇنىڭ

دەلىلى. بۇ بەكمۇ بىر تەرەپلىمە نۇقتىئىنەزەردۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئادەم-نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك مۇددىئاسى بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەكىللەنمەيدۇ، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەكىللىنىدۇ. ئادەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي مۇددىئاسىنىڭ شەكىللىنىشى ئادەمنىڭ رولىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېقىنقى ۋە يىراق كەلگۈسىدىكى مەنزىرىسى بىلەن تېخىمۇ ئوبدان ماسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە تىرىشىپ خىزمەت قىلىش قاتارلىق مۇددىئالار.

3

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشتىكى پسىخولوگىيىلىك جەريانىنى تەھلىل قىلىش (بىلىش جەريانىنى، خۇي، ھېسسىيات جەريانىنى ۋە ئىرادىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەھلىل قىلىش) ئارقىلىق، ئۇ-لارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشتىكى بەزى ئاساسىي پسىخو-لوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىۋالدۇق. بۇ ئاساسلىق پسىخو-لوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر قىلمىشى جەھەتتە مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، كۆڭۈل ئىزدەش، دوست بولۇش، مەردانە گۇرۇھ بولۇۋېلىش. ئۇلار فېئودال ئاساستىكى بۇرادەرچىلىكنى ۋە يېيىشىش - ئىچىش، ئويناش - تاماشا قىلىشتەك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا خاس راھەتپەرەسلىكنى روھىي ئوزۇق قىلىدۇ. بىرەر ئىشى چىقسا، تەشكىلگە، كوللېكتىپقا ئەمەس، بۇ-رادەرلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. ھەق - ناھەقنى ئايرىماي، گۇرۇھ مەردانىلىقىنىلا تەكىتلەيدۇ. گۇرۇھ ئىچىدە «ھوزۇر - ھالاۋەتنى تەڭ كۆرۈش، بېشىغا كۈن چۈشكەن-لەرگە بىرلىكتە يار - يۆلەك بولۇش»نى تەكىتلەيدۇ، «دوست ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ»، مەردانىلىكنى مىزان قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق كۆر-سەتمەكچى بولىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالسىمۇ پۇشايمان قىلمايدۇ.

ئىككىنچى، قۇرداشلار گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرۇش. ئۇلاردا «ئۆزىدىكى ئالاھ» پەيدىنپەي كۈچىيىگەنلىكتىن، ئائىلە باشلىقىغا، ئوقۇتقۇچىغا، مايىل بولۇشتىن ئۆزى بىلەن تارىخداش بولغان، مىجەزى كېلىشىدىغان، ھېسسىياتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان قۇرداشلارغا مايىل بولۇش تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. مۇشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا گۇرۇھ ھەرداۋلىقىنى رېشتە قىلىپ، توپ بولۇۋالىدۇ ــــ دە، بىرلىكتە لۈكچەكلىك قىلىدۇ، توپلىشىپ مۇشتلىشىدۇ، ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ ياكى باشقا جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يەنە كېلىپ، بۇنداق گۇرۇھ ئاسانلىقچە پارچىلانمايدۇ، پارچىلىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە بىرلىشىۋالىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ، گۇرۇھ بولۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە قارشى چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەيۋە ئىشلىتىش، تەۋەككۈلچىلىق قىلىش، مەنمەنلىك قىلىش. مەنمەنلىك، تەۋەككۈلچىلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇنداق ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن - كۆڭلىگە ئۇسۇۋاتقان «مۇستەقىللىق خاھىشى» بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. مەنمەنلىك روھىي ھالىتى غەيرىي نورمال تەرەققىي قىلىپ كەتسە، جىنايەت سادىر قىلىشتىكى مۇددىئاغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىغا، كۆپ ھاللاردا، مەنمەنلىك تەۋەككۈلچىلىك روھىي ھالىتى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، ھەشەمەتچىلىك، سۆلەتۋازلىق، شۆھرەتپەرەسلىك. ياش ئۆسمۈرلەردە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان روھىي ھالەت، بۇنداق روھىي ھالەت ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئادەتتە ئاشۇنداق روھىي ھالەتنىڭ كونتروللۇقىدا ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ھەشەمەتچىلىككە، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىپ كېتىپ، جىنايەت سادىر قىلىش يولىغا ماڭىدۇ.

بەشىنچى، يېيىش - ئىچىش، كېيىنىشكە بېرىلىپ كېتىش، پۇلغا قاراش، راھەتكە بېرىلىش. مۇئەييەن ماددىي ئەشيا كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى زۆرۈر شارائىت. ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىي ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ. نورمال ماددىي ئارزۇ ئوبيېكتىپ ماددىي شارائىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ماددىي ئەشياغا بولغان ئارزۇسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەمما ئۇلار رېئاللىقتىن ھالقىپ، ئوبيېكتىپ ماددىي شارائىتتىن چەتلىگەن ھالدا راھەتكە بېرىلىپ كەتكەن بولىدۇ. ماددىي ئەشياغا بولغان چەكسىز ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگەنلىكى چارىنى قوللىنىپ، ئىنسانىي قائىدە - يوسۇنلارنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

ئالتىنچى، لۆكچەكلىك قىلىش، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىش، روھىي جەھەتتە زەئىپلىشىش. ياش - ئۆسمۈرلەر پىشىپ يېتىلىش جەريانىدا تۇرغانلىقتىن، يامان يولغا مېڭىپ كېتىشكە ئاسانلا تۇرىدۇ. ھەتتا شۇ بويىچە تەرەققىي قىلىپ كېتىۋەرسە، ئۇلاردا جىنايەت سادىر قىلىش مۇددىئاسى شەكىللىنىشى مۇمكىن. ئۇلار پەس، چاكىنا ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلىپ، چىرىكلىشىشكە باشلاپ، يولدىن چىقىپ، جىنسىي ئارزۇنى قوغلىشىپ، باسقۇنچىلىق قىلىش، نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىشتەك يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ.

يەتتىنچى، ئاچچىقلىنىش، پىچاق - كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىش، ئۆزىنى باسالماسلىق. ياش - ئۆسمۈرلەر قاتتىق تەسىرگە ئۇچرىغاندا، ئاسانلا ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ غۇرۇرى بىلەن، مەنمەنلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇنداق ھاياجانلىنىش ئەقىل - ئىدراكنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولسا، كىشىنى ئالغا باستۇرۇشى مۇمكىن. ئەقىل - ئىدراكنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلسا، كىشىنى پىچاق كۆتۈرۈشكە، باشقىلارنى زەخمىلەندۈرۈشكە، ئېغىر جىنايى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىشى مۇمكىن.

بىز قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ھەرىكەت قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش ۋەقەلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيانىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا جىنايەت سادىر قىلىش جەھەتتىكى پسىخولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇق. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىنى ئازايتىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ مۇھىت جەھەتتىن ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىن خىزمەت ئىشلىشىمىز لازىم.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى تازىلاش، پاسسىپ ئامىللارنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كونترول قىلىش ۋە يوقىتىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-

لىۇشى تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن، ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش لازىم. سۈبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى كونترول قىلىپ، ئۇلارغا پەن، مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيىنى، كوممۇنىستىك غايە، ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىنى ۋە ئىنتىزام، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى كۈچلۈك سىياسىي خىزمەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن قۇتۇلۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانىغا مۇۋاپىق ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم



شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچىسى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» تەھرىر بۆلۈمى

(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 337937)

تېكىستى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى: CN65 — 1038/C

ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 81 — 58. پوچتا نومۇرى: 830011

باھاسى: 1.00 يۈەن